# كۈرەشچان ئەجدادلار

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# کوُرہ شحپان ئہ جبلادلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادرېسى

ئابدۇلھېكىم باقى ئۇلتەبىر

# كۆرەشچان ئەجدادلار

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر

# كۆرەشچان ئەجدادلار
(مەجمۇئە)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:
ئابدۇلجېلىل تۇران
دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرى

1 - نەشرى

ISBN: 978-605-69486-0-2

2019 - يىلى ئىيۇل

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ تەرجىمىھالى ........ 009
قىسقىچە ھاياتى ........ 009
ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ........ 011
ئۇرۇمچىدە نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ........ 012
ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى ........ 013
ئىجادى ئەسەر ۋە ماقالىلەر ........ 014

**ماقالىلەر**

باللار تەربىيەسى ۋە باللار ئەدەبىياتى ........ 019
باللار ئەدەبىياتى ۋە مېنىڭ ئىجادىيەت يولۇم ........ 022

**باغچە باللىرى ناخشىلىرى**

ۋەتەن ئانىمىز ........ 029
بىسمىللاھ ........ 030
ئاتا - ئانام بەك ياخشى ........ 031
پاكىز بالا ........ 032
خوراز نىمە دەيدۇ ........ 033
قول ياغلىق ........ 034

ئانام بىلەن دادام بار ........ 035
باغچىمىز ........ 036
چىرايلىق ........ 037
كىچىك شوپۇر ........ 038
كىچىك دوستلار چەتتە مېڭىڭلار ........ 039
گۈلباغچە ........ 040
ئەسسالام ........ 041
دوست بولايلى ........ 042
ئات مىندىم ........ 043
توشقانچاق ........ 044
ئۇيغۇر قىزىمەن ........ 045
كۆچەتىمەن ........ 046
دورىمايمەن چۈجىنى ........ 047
يىڭناغۇچ ........ 048
ئىلەنگۈچ ........ 049
ئاپتاپپەرەس ........ 050
ئاسماندىكى لاچىنلار ........ 051
چىلىكىم ........ 052
خەتنە توي ........ 053
دوختۇر بولىمەن ........ 054
ئالما كۆچىتى ........ 055
قارلىغاچ كەلدى ........ 056
بايرام سوۋغىسى ........ 057
ئەللەي ئۇكام ........ 058

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەمسىز؟ ......... 059
ياخشى بالا ......... 060
كاككۇك سايرىدى ......... 061
ئاق توقاچ ......... 062
مېنىڭ ئۆيۈم يايلاقتا ......... 063
ئاق كەپتىرىم ......... 064
ئۇستازىم ......... 065
قار ئۇيۇنى ......... 066
يېشىل مايسىلار ......... 067
مېنىڭ يېزام ......... 068
باغچىمىزنى سۆيىمىز ......... 069
شائىر بولىمەن ......... 070
باھار كەلدى ......... 071
قىزىل گۈل ......... 072
تىك - تاك توپ ......... 073
مۇئەللىمنى كۈيلەيمىز ......... 074
ئاق چېچەك ......... 075
تولۇنئاي ......... 076
ئۇستازىم گويا قۇياش ......... 077

**تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن سېغىزخان**

شېئىرى مەسەللەر

ئوغلاق بىلەن قوزىچاق ......... 081
ماختانچاق باچكا ......... 084
تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن كۆچەت ......... 086

تىيىننىڭ تۆۋرۈك سانىشى ........ 088

ھىلىگەر مۈشۈكنىڭ ھىلىسى ........ 091

ئاغمىخانىنىڭ ئەخمەقلىقى ........ 094

كەسلەنچۈكنىڭ ئاقىۋىتى ........ 099

تۆھپىلەرنىڭ ئىگىسى ........ 102

يوپۇرماق بىلەن چېكەتكە ........ 105

ئالا كۈچۈك بىلەن تۈلكە ........ 108

قاغا بىلەن قارغۇجا ........ 112

ئىككى مۈشۈك ........ 115

چۈجىلەرنىڭ ئۆلۈمى ........ 117

ئىككى قۇشقاچ ........ 119

ھەرە بىلەن كېپىنەك ........ 122

تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن سېغىزخان ........ 124

قۇلاق بىلەن كۆز ........ 129

كىرپىنىڭ ئۆي ياسىشى ........ 133

يولۋاس بىلەن تۈلكە ........ 136

كەپتەر بىلەن بۇلبۇل ........ 138

قەلەم بىلەن ئۆچۈرگۈچ ........ 142

ئانار دەرىخى بىلەن تەشتەكتىكى كۆچەت ........ 145

تۈلكىنىڭ مەسخىرىسى ........ 148


**كۈرەشچان ئەجدادلار**

(بالىلار داستانلىرى)


قەھرىمانلار مەكتەپتە ........ 153

باتۇر قىز نۇزۇگۇم ........ 157

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سادىر پالۋان ھەققىدە ........ 165
زومگەرنىڭ ئوۋقۇشى ........ 165
ئۈچ ئالغۇچى بالا ........ 167
سادىر پالۋان ........ 170
پالۋان كەلدى ........ 173
باياندايدىكى قانلىق جەڭ ........ 176
لۇتپۇللانى ئەسلەيمىز ........ 179
رىزۋانگۈلنىڭ پىدىكارلىقى ........ 185
مۇقەددىمە ........ 185
ئىنتىقام ........ 186
ئۇستاز سۆزى ........ 187
ھەمشىرە ........ 189
قانلىق جەڭ ........ 190
خاتىمە ........ 193
شىخودىكى يېتىم قىز ........ 195

**غۇنچىلار ئارزۇسى**

(باللار شېئىرلىرى)

دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى ........ 209
سۇ بىلەن سۆھبەت ........ 213
دەل ـ دەرەخلەر سۆھبىتى ........ 216
يالقۇننىڭ كىتابلىرى ........ 219
ئەركىننىڭ ئەرشكە چىقىشى ........ 224
يېڭى يىل كېچىسى ........ 228

مېنىڭ ئىككى دوستۇم بار 232
نۇمۇس ئىشتۇر كىچىككىش 234
خىجالەت 237
قىش بوۋاينىڭ جاۋابى 240
ئىككى تال ئۇرۇق 244
مايسا بىلەن قار 248
ئىككى بېلەت 252
پەرھات 254
دىلمۇراتنىڭ شاتلىقى 257


**تۈلكە بىلەن خوراز**

(نەسرى مەسەللەر)


قاۋان بىلەن كالا 269
ھۆپۈپ بىلەن بۇلبۇل 271
دورامچۇق قاغا 272
چىمپىيون مايمۇن 274
تورغاينىڭ پۇشايمىنى 277
ئەينەك 278
ئالما 280
تىلنىڭ خىسلىتى 282
كۆكۈيۈن 283
بالا، تېرەك ۋە قۇشقاچ 285
شامال بىلەن شام 288
قىزىل گۈل بىلەن يىڭناغۇچ 289

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇشقاچ باچكىسى ..... 290
بۈركۈت بىلەن بۇلبۇلگويا ..... 292
تۈلكە بىلەن خوراز ..... 293
كەپتەرنىڭ ياخشىلىقى ..... 294
يىلپىز بىلەن بۇغا ..... 295
كەپتەر بىلەن دان ..... 297
چۆجە خورازنىڭ تەدبىرى ..... 298
كىيىكلەرنىڭ تەقدىرى ..... 299
ياۋا توڭگۇزنىڭ ئاقىۋىتى ..... 301
تۈلكە بىلەن تاشپاقا ..... 303
ئەقىللىق توشقان ..... 305
ئوغرى مۆشۈك بىلەن توغرا مۆشۈك ..... 307
شىر بالىسى ۋە تۈلكە ..... 308

**ھېكايە ۋە نەسرلەر**

بىر شاپىلاق ..... 313
بىر كاللەك ناۋات ..... 316
قىزىل رەڭلىك پۇل ..... 319
كاۋاپچىنىڭ ئوغلى ..... 325
مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن ..... 331
كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىش ..... 333
پۇشايمان ..... 339
نادامەت ..... 342
بەش تال تۈگمە ..... 349

مېنىڭ كىتابلىرىم ........ 354
ئۈچىنچى قېتىم ياغقان قار ........ 357
يولدا قالغان ئۈچ بوغچا ........ 361
باغۋەنىنىڭ سوۋغىسى ........ 366
ئالتۇن ھالقا ........ 373
بەش ياشلىق مەرگەن ........ 378

## ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ تەرجىمھالى

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان.

كەسپى: مۇھەررىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچى

ئۇنۋانى: كاندىدات ئالىي مۇھەررىر (مۇئاۋىن پروفېسسور)

***قىسقىچە ھاياتى***

1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، شۆبە ئوتتۇرا (ھازىرقى تەجرىبە ئوتتۇرا) مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى ئالىي تولۇق ئوتتۇرا (ھازىرقى 14 ـ ئوتتۇرا) مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1970 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە مەكتەپتە مەدەنىيەت ئىنقىلابى قالايمىقانچىلىقىدا دىنىي ۋە مىللىي ئويغىنىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان.

1970 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1973 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە غۇلجا توققۇزتارا ناھىيىسى گۆرجىلغا يېزىسىدا مەجبۇرىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان.

1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1975 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى 21 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1977 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئۇنىۋېرسال كەسپى فاكولتېتىدا ئوقۇپ ئەلا پۈتتۈرگەن.

1977 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ماتېماتىكا، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىدا دۇنيا، خىتاي ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پەنلىرىدە ئىشتىن سىرتقى ئوقۇپ دىپلوم ئالغان.

1983 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى قاتارىدا مۇخبىر، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىياتچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋە تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ 42 سان تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت ئىشلىگەن.

1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئاخبارات، نەشرىيات كەسپى بويىچە كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك (مۇئاۋىن پروفېسسور) كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئائىلىسى بىلەن بىللە قازاقىستان ئالماتاغا تۇغقان يوقلاشقا چىقىپ، تۈركىيىگە كېلىپ پاناھلىق تىلىگەن. 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىپ، يېزىقچىلىق، ھۆججەت ھازىرلاش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىغان. شۇندىن باشلاپ 2000 ـ يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

2 ـ ئايغىچە، ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەقپىنىڭ كۈلتۈر تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقاتچى، 28 سان شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكا ۋاشىنگتونغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلەپ، ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

***ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى***

خىتاي ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى

«شىنجاڭ» خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، باش كاتىپى

«شىنجاڭ» غۇنچە مۇكاپاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

ئۈرۈمچى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باش كاتىپى

«شىنجاڭ» يازغۇچىلار جەمئىيىتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى، قۇتاتغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى، 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى، فولكلور جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى

تارىم ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى

تۈركىيە دۆلەتلىك تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتى پروجېسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۆلۈمى مەسئۇلى

تۈركىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار بىرلىكى ـ ILESAM نىڭ ئەزاسى

شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ھەمكارلىق دەرنىكىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقى

شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى باشلىقى - 1998 - يىلى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى كومىتېت ھەيئەت ئەزاسى 1999 - يىلى ئامېرىكا ئۇيغۇر خەلقئارا كۇلتۇر مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

**ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان كىتابلىرى**

«بىزنىڭ شەھەر» پەننىي ئىلىم - پەن تېخنىكا نەشرىياتى 1982 - يىل

«تىيىنىنىڭ تۈۋرۈك سانىشى» مەسەللەر - ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل

«دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى» (شېئىرلار) ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل

«بىلىم ئىشقىدا» (شېئىرلار) ئۈرۈمچى ياشلار نەشرىياتى 1885 - يىل

«ئۇدۇن ئۈزۈم رىۋايىتى» داستان - تەرجىمە كۆۋرۈك ژۇرنىلى 1996 - يىلى

«بەش ياشلىق مەرگەن» ھېكايىلەر - بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل

«ئويغانغان ئۇيغۇر» ئەدەبىي ئاخبارات - شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۈزگەن 1989 - يىل

«باغچە بالىلىرى ناخشىلىرى» ناخشا توپلىمى ئۈرۈمچى ياشلار نەشرىياتى 1989 - يىل

«ھايۋاناتلار باغچىسى ھېكايىلىرى» تەرجىمە - خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

«مايمۇنجاننىڭ يۇرتىغا قايتىشى» چۆچەك تەگرىتاغ ژۇرنىلى 1991 - يىل

«قىزنقارلىق ھايۋاناتلار ھېكايىلىرى» تەرجىمە - خەلق نەشرىياتى - 1992 - يىل

***ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى***

«ئاسارەتتىدىكى تۈرك مۇسۇلمان دۆلىتى شەرقىي تۈركىستان» ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە رەسىملىك كىتابچە - ئىستانبۇل 1994 -يىل،2 - نەشرى 1995 - يىل

«ئۇلۇغ تەگرىمىز» تەرجىمە -) ئابدۇقادىر تۈركىستانى خىراجىتى بىلەن (تۈزگۈچى ئا. باقى 1996 - يىل

«شەھىدلەر شەجەرىسى» ۋەقىپ تەتقىقات مەركىزى 1997 - يىل ئىستانبۇل

«شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى» ۋەقىپ تەتقىقات مەركىزى 1999 - يىل ئىستانبۇل

«كۈرەشچان ئەجدادلار» داستانلار - تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى ئىستانبۇل 2012 - يىل

«چۇشۇرگىدىكى ماجىرا» رومان - تەكلىماكان ئۇيغۇ نەشرىياتى 2013 - يىل

«تۇمۇرتۇمشۇق بىلەن سېغىزخان» باللار شېئىرى مەسەللىرى - تەكلىماكان نەشرىياتى 2013 - يىل.

«تۈلكە بىلەن خوراز» باللار نەسرى مەسەللىرى - تەكلىماكان ئۇيغۇ نەشرىياتى 2013 - يىل.

«باغچە بالىلىرى ناخشىلىرى» (باللار ناخشىلىرى) تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى 2015- يىل.

«ئۆلۈمدىن قايتقان مەھبۇس» تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى 2015 - يىل.

«ئۆزگۈرلۈك ئىستىگەن ئانا» (تۈركچە) تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى 2015 - يىل.

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى» تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى 2018 - يىل ئىستانبۇل

***ئىجادى ئەسەر ۋە ماقالىلەر***

ئۈرۈمچىدە گېزىت، ژۇرناللاردا 20 يىل ئىچىدە 550 پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئەسەرلەر- شېئىر، ھېكايە ھەمدە ئىلمىي ماقالىلەر، مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىدا 52 پارچە ئەدەبىي ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

نورۇز بايرىمى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى مەزمۇنىدا تېلېۋىزىيىدە ئېلان قىلىنغان 5 پارچە تېلېۋىزىيە فىلىمنى يېزىش ۋە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقان.

ئىستانبۇلدا 300 پارچىغا يېقىن خەۋەر ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ ھەمدە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان.

«ئاسارەتتە ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان» فىلىمنى يېزىپ، فىلىم ئىشلىتىپ سامان يولى تېلېۋىزىيىسىدە ئېلان قىلغان.

تۈركىيە ئاتا تۈرك كۇلتۇر مەركىزىنىڭ «تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتى پروجېسى شەرقىي تۈركىستان ئەدەبىياتى بۆلۈمى مەسئۇللۇقىنى ئۆتەپ، ھەر بىرى 600 سەھىپىلىك، 30 توم كىتاب ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، ئەدىبلىرى، تاللانما ئەسەرلىرى ۋە سۆزلۈكلىرى ئۈچۈن 3000 بەتلىك ماتېرىيال يېزىپ ۋە تەييارلاپ چىققان، بۇ قامۇسلار نەشردىن چىقتى.

ئامېرىكىدا 13 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىنسانىي ھوقۇقى ھەمدە ئىسلامىي ئەقىدىلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مەزمۇنىدىكى 25000 پارچىغا يېقىن ماقالە، خەۋەرلەرنى تەھرىرلەپ ئېلان قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغان.

تۈركىيە ۋە ئامېرىكا پۇقراسى بولغان ئابدۇلھېكىم باقى ئۈلتەبىر ھازىر ئائىلىسى بىلەن ۋاشىنگتوندا ياشاۋاتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماقالىلەر

كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

# بالىلار تەربىيەسى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى

بالىلار ئەدەبىياتى ـ بالىلارنى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ جەڭگىۋار، ئەڭ ئومۇملاشقان مەنىۋى قورالى. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بالىلارغا مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ئادەملەشتۈرۈش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى سىمۋوللۇق ياكى ۋاستىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتى ئومۇمەن، بالىلار، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئوخشاشمىغان ياشتىكى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، خۇددى چىراغدەك بالىلارنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرىدۇ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. مېڭىسىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بالىلار ئەدەبىياتى مەۋجۇت بولمىغىنىدا، بالىلارنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتى بالىلار تەربىيەسىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە نىسبەتەن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە:

1. بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يېتەكلىگۈچى، ياخشى ئوقۇتقۇچى ۋە ياخشى دوست. ئۇ، بالىلارغا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىشىكىنى يوغان ئېچىپ بېرىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسىتىدۇ، بارلىق ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بەزىدە بالىلىق دەۋرىدە ئوقۇغان تۇنجى

كىتاب شۇ بالىنى كېلەچەكتە بۈيۈك پەللىگە ئېلىپ چىققۇچى تۈنجى پەلەمپەي بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ژىيول ۋېرىن يازغان ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلىرىدە ئامېرىكىنىڭ بالتىمور تۈنجى ئەسكەرلەر كۆلۈبىدىكى توپچى ئەسكەرلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر، دىئامېتىر ئۈچ مېتىر كېلىدىغان زەمبىرەك ياساپ، ئىچىگە ئۈچ ئادەم قاچىلانغان سىنارەتنى قانداق قىلىپ ئايغا ئېتىپ چىقارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دەل مۇشۇ فانتازىيىلىك ھېكايىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن روسىيىلىك سىئولكوۋىسكى ئالەم راكېتاسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان.

2. بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرستىشنىڭ رولى ئالاھىدە زور. بالىلار ئەدەبىياتى بالىلاردا ياخشى ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم ۋاستىدۇر.

بالىلار ئۆسۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى، نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى ۋە دۇنيا قارىشى تېخى شەكىللەنمىگەنلىكى، شۇنىڭدەك، پىسخىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان، ئۇڭاي تەسىرلىنىدىغان، ئاسانلا دورايدىغان بولغاچقا، ئوبرازلىق تەربىيەنى ناھايىتى ئوڭايلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا ئوبرازلىق تەربىيەنىڭ قانداق بولۇشى بالىلار تەربىيەسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

3. بالىلار ئەدەبىياتى يەنە بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بالىلىق دەۋر دەل بىلىم ئېلىش مەزگىلى. ئۇلار ھەرخىل بىلىملەر بىلەن قوراللىنىشى، تەبىئەتنى، تەبىئەتنىڭ ھەرخىل قانۇنىيەتلىرىنى، هازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنى ئىگىلىشى كېرەك. بالىلار ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ فانتازىيىلىك شەكلى ئارقىلىق بۇ جەھەتتە ئۆز كىتابخانلىرىنى رازى قىلالايدۇ.

4. بالىلار ئەدەبىياتى يەنە بالىلارنىڭ تىلىنى ۋە تەپەككۇرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. تىل تەرەققىياتى ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تىل ئۆگەنمەي تۇرۇپ بىلىم ئىگىلەش، تەپەككۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. باللارغا توغرا، ئېنىق، جانلىق تىل ئارقىلىق تىل تەربىيەسى بېرىپ، ئۇدىيۇۋى ھېسسىياتىنى توغرا، روشەن ئىپادىلەش، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ۋە لوگىكىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

5. باللار ئەدەبىياتى يەنە باللارنىڭ ئېستېتىك قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ زور ياردەم بېرىدۇ. باللارنىڭ مېگىسىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن قوراللاندۇرۇپلا قالماستىن، ئۇلارنى يېڭى ئېستېتىك نوقتىئىينەزەرگە ئىگە قىلىپ، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك ۋەسەتلىكلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيەۋى رولى دەل ئېستېتىك تۇيغۇنىڭ رولى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، دەۋرنىڭ تەلىپى بىزدىن باللار ئەدەبىياتىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، مول مەنىۋى ئوزۇق ئىشلەپ چىقىرىشنى كۈتمەكتە. بىز سۈپەتى يۇقىرى باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، بىر قەدەر سەۋىيىلىك باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيەتچىلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ژانىر، شەكىل، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللاشتۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمىتىمىز تېخىمۇ كۆپ.

# باللار ئەدەبىياتى ۋە مېنىڭ ئىجادىيەت يولۇم

70- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىققا قەدەم قويۇشۇم، مېنى تەبىئىي ھالدا باللار تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىشق- مۇھەببەت شېئىرلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قەلىمىمنى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرىدى. شۇ چاغلاردا بىزنىڭ باللار ئەدەبىياتىمىز تولىمۇ ئاجىز، باللار ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلىرىمىز ساناقلىقلا بولۇپ، باللارنىڭ ئېستېتىك تەلىپى خۇددى سۇسىرىغان ئېتىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ھال مېنىڭ باللار ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىشىمگە تۈرتكە بولدى.

باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان بىر بالىنىڭ ئەدەبىيات دەرسىدە كىتاب ئوقۇيالمىغانلىقى، بىر جۈملە سۆزنى راۋان سۆزلىيەلمىگەنلىكى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ يازالمىغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇ ۋاقىتتا مەن بىر مائارىپچى بولۇش سۈپىتىم بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەنمۇ زىممەمدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم. باللارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقى، كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىمايدىغانلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ سەۋەنلىكىلا بولماي، بۇنىڭدا ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىمۇ زور ئىدى. ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى رولى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەدەبىيات باشقا تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ تەسىر كۈچى مەزمۇنىدىلا ئەمەس، بەلكى شەكلىدىمۇ ئىپادىلىنەتتى. ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىنماي، تەشۋىقاتنى قارىغۇلارچە قوغلاشقان ئەدەبىي ئەسەرلەر يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە يېتەلمەيلا قالماستىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە، ئەدەبىياتنىڭ ۋە ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتكەن مەزمۇننىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ، بىزارلىق تۇيغۇلىرىنى قوزغاپ قوياتتى. بۇ نۇقتىنى شۇ ۋاقىتتىكى تەشۋىقات ۋە تەشۋىقات ئەدەبىياتى بىلەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەتۈر تاناسىپ بولغان ھالىتى روشەن ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى.

مەن بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ بالىلار ئارىسىدىكى ئۈنۈمى ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. بالىلار قانداق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىدۇ؟ بالىلارنى قانداق ئەسەرلەر ئارقىلىق يېتەكلەش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ناھايىتى مۇشكۈل ئىش ئىدى. مەن ئالدى بىلەن بالىلارنى قايسى جەھەتتىن يېتەكلەش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە تەييار نەزەرىيە ۋە ئۇقۇملاردىن ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب ئىزدىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئەدەبىيات بالىلارنى قايسى جەھەتلەردە يېتەكلىيەلەيدۇ؟ قانچىلىك يېتەكلىيەلەيدۇ؟ دېگەن مەسىلىنىڭ كونكرېت جاۋابىنى تېپىپ چىقتىم. بالىلار كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا موھتاج بولىدۇ. «ئەللەي ناخشىسى» دىن تارتىپ «ئاق تاش، كۆك تاش»، «ئارقاڭدىكى نېمەلەرنىڭ» دېگەن ئەسەرلەر بۇنىڭ جانلىق مىسالى. بالىلار ئەدەبىيات ئارقىلىق ئۆز تەسەۋۋۇرىنى، تىل بايلىقىنى چېنىقتۇرىدۇ. مەن مۇشۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، باغچە بالىلىرى ئۈچۈن 50 نەچچە پارچە ئەسەر يازدىم. ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەرلەرنى يېزىشىمغا بالىلار باغچىلىرى تەربىيەچىلىرىنىڭ ساداسىمۇ تۈرتكە بولدى. مەن باغچە بالىلىرى شېئىرلىرىنى يېزىشتا بالىلار ئويۇنلىرى ناخشىلىرىنى ئۆرنەك قىلدىم. ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى بالىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل بايلىقى، چۈشىنىش ئىقتىدارى، ئوخشاش بولمىغان قىزىقىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرخىل ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى رولى، سىيۇژىتى، كومپوزىتسىيىسى، تىلى ھەم ژانىرى قاتارلىق تەرەپلەردە قايسى ياشتىكى بالىلارغا

قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. ھېس- تۇيغۇسى چەكلىك بولغان، ئەمدىلا بىر نەچچە يۈز سۆز ئۆگەنگەن ئۈچ ياشلىق گۆدەك ئۈچۈن مۇنداق يازدىم:

مېنىڭ قولۇم ئاپئاق، سېنىڭ قولۇڭ ئاپئاق،
كىمنىڭ قولى پاكىنا، ئوبدان قاراپ باق...

**بەش ياشلىق گۆدەكلەر ئۈچۈن:**

قۇقۇقۇق، قۇقۇقۇق، خوراز چىللايدۇ،
ئېيتىڭلارچۇ باللار خوراز نېم دەيدۇ؟
تاڭ ئېتىپتۇ ئورنۇڭدىن چاپسان تۇر دەيدۇ،
ئۇخلاپ ياتساڭ كەچكىچە ئۇياتتۇر دەيدۇ.

دەپ يازدىم. كۈتۈلمىگەندە يازغانلىرىم باللارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىم كومپوزىتورلار تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىندى، باغچە باللىرى ئۈچۈن ئوقۇشلۇقلار تۈزۈلدى.

مېنىڭچە، باللار ئەدەبىياتى تىلنى ۋە ئۇنىڭ پەرقلىق قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىمىگەن كىشى، ئەڭ ياخشىسى، باللار ئۈچۈن يازمىغان دەپ ئاۋارە بولماسلىقى كېرەك. باللار ئەدەبىياتىنىڭ تىلى باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە چۈشىنىش سەۋىيىسىگە ماسلاشقان ھالدا ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئاممىباب، جانلىق بولۇشى لازىم. باللارنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پەيدىنپەي تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆتۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن باللار تورمۇشىنى پۇختا ئىگىلەپ ھەم ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىزھار قىلالايدىغان ھەم ئۇلارنى ئالغا يېتەكلەيدىغان تىلنى ئىشلىتىش لازىم. باللار تىلىغا ئۆلۈك ھالدا سادىق بولۇپ، ئۇنى ئەدەبىياتتا ئۆز ئەينى قوللانماي، بەلكى ئۇنى باللار چۈشىنىدىغان ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. ئۇندىن باشقا، باللارنىڭ ئاغزاكى تىلىنى، مۇجمەل سۆزلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىش مۇقەررەر ھالدا باللار تىلىنىڭ ساپلىقىنى، ساغلاملىقىنى بۇزىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يېزىلغان ئەسەرلەرنى باللار ياقتۇرمايدۇ.

باللار ئاددى، ئەمما تېز، چاقچان ئىش - ھەرىكەتلەرگە ئامراق كېلىدۇ. باللاردىكى بۇ خۇسۇسىيەت باللار ئەدەبىياتىنىڭ سيۇژىتىنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىنى بەلگىلىگەن. باللار سيۇژىتى جىددى، توقۇنۇشى كەسكىن، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ۋە يېشىمى تېز ئەسەرلەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

مەن مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، نەچچە ئون پارچە ئىخچام شېئىرىي مەسەللەرنى يازدىم، شۇنىڭدەك «تىيىننىڭ تۇۋرۇك سانىشى» ناملىق شېئىرىي مەسەللەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردۇم. بۇ مەسەللىرىمنى باللار ياقتۇرۇپ ئوقۇدى، بىر نەچچە مەسەللىرىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىغا كىرگۈزۈلدى، بىر نەچچىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

80 - يىللاردىكى بىر تەتىل مەزگىلىدە مەن ئىلى دەرياسى بويىدىكى مەلۇم بىر يېزىدا سەھرا باللىرى بىلەن بىر نەچچە سائەت بىللە بولدۇم. ئون ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ باللار مەندىن شەھەر، زاۋۇت، ماشىنا، تېلېفون ھەققىدە كۆپ سوئاللارنى سورىدى. بۇ سوئاللاردىن باللارنىڭ بۇ ھەقتە ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قايتىپ كېلىپ، ئون ياشتىن تۆۋەن باللار ئۈچۈن

قۇرۇلۇش، ئاپتوموبىل، سانائەت كارخانىلىرى، ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى، زامانىۋى مەكتەپلەر، گېزىت- ژۇرنال، رادىئو، پوچتا ئالاقىسى، سۇ، ئېلېكتر قاتارلىقلار جانلىق ۋە ئاددىي تىل بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان «بىزنىڭ شەھەر» ناملىق ئەدەبىي كىتاب يېزىپ نەشر قىلدۇردۇم. بىر نەپەر يېزا ئوقۇتقۇچىسى ماڭا خەت يېزىپ، بۇ كىتابنى ئوقۇپ بالىلارلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ ئۈرۈمچىگە بارغاندەك تۇيغۇغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتتى.

بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى بولغان ئادەم ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مەن تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن بىللە، جوڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇدۇم. بۇلاردىن ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان «ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى ھېكايىلەر»، «ھايۋانات باغچىسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار» ناملىق ئىككى كىتابنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردۇم.

مەن بالىلار ئەدەبىياتىغا بولغان قىزغىنلىقىم بىلەن ھازىرغا قەدەر 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ھەرخىل ژانىردا 500 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدىم. ئۆسمۈر - بالىلار ئەڭ يېقىن دوستۇم، بالىلار تۇرمۇشى ئىجادىيەت بۇلىقىم بولۇپ قالدى. ھازىر مەن تەجرىبە- ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئوخشاش بولمىغان ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن بىر قەدەر مۇكەممەلرەك، ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com

# باغچه باللرى ناخشلرى

## ۋەتەن ئانىمىز
(ئۆسمۈرلەر مارشى)

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز،
ۋەتەن شەرەپ ـ شانىمىز.
ۋەتەن ئۈچۈن ھەرقاچان،
پىدا بىزنىڭ جانىمىز.

شەرقىي تۈركىستانىمىز،
گۈزەل گۈلىستانىمىز.
ئەرك ئۈچۈن يۈرەكتە،
قاينار قىزىل قانىمىز.

قايتارما

ئازادلىق دەپ ماڭىمىز،
سېنىڭ باسقان ئىزىڭدىن.
سالام ساڭا ۋەتىنىم،
باتۇر ئوغۇل، قىزىڭدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
www.uyghurkitap.com

## بىسمىللاھ

بىسمىللاھ دەپ سەھەردە،
ئورنىمىزدىن تۇرىمىز.
بىسمىللاھ دەپ داستاندا،
چىيىمىزنى ئىچىمىز.

بىسمىللاھ دەپ ئوينايمىز،
ناخشا، قوشاق قاتىمىز.
بىسمىللاھ دەپ ھەر ئىشتا،
بىسمىللاھ دەپ ياتىمىز.

www.uyghurkitap.com

## ئاتا - ئانام بەك ياخشى

مېنىڭ ئاپام بەك ياخشى،
ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەر.
مېنىڭ دادام بەك ياخشى،
ئاق قوزام دەپ سۆيۈنەر.

## پاكىز بالا

مېنىڭ قولۇم ئاپپاق،
سېنىڭ قولۇڭ ئاپپاق.
كىمنىڭ قولى پاسكىنا،
ئوبدان قاراپ باق.

## خوراز نېمە دەيدۇ

قۇقۇقۇق، قۇقۇقۇق،
خوراز چىللايدۇ.
ئېيتىڭلارچۇ باللار،
خوراز نېمە دەيدۇ؟

تاڭ ئېتىپتۇ ئورنىڭدىن،
چاپسان تۇر دەيدۇ.
ئۇخلاپ ياتساڭ كەچكىچە،
ئۇياتتۇر دەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## قول ياغلىق

قولياغلىقىم ، قولياغلىق ،
يانچۇقۇمدا ساقلاقلىق .
تازىلىققا رىئايە قىلىپ ،
بىز بولىمىز ئەخلاقلىق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئانام بىلەن دادام بار

ئەتىگەندە داسقاندا،
ھەسەل، مېغىز، بادام بار.
مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن،
ئانام بىلەن دادام بار.

## باغچىمىز

باغچىمىزدا مۇئەللىم،
بىزگە بەكمۇ يېقىملىق.
ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى،
بىز بولىمىز ئەقىللىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## چىرايلىق

ئېگىز، ئېگىز تاغلار،
بەكمۇ چىرايلىق.
ئېتەكتىدە باغلار،
بەكمۇ چىرايلىق.

باغچىلاردا كېپىنەك،
بەكمۇ چىرايلىق.
بىز ئوينايمىز باغچىدا،
بەكمۇ چىرايلىق.

## كىچىك شوپۇر

دۇ دۇ دۇت، دۇ دۇ دۇت،
كەلدى كىچىك ماشىنام.
ماڭا بەكمۇ يارىشار،
كىچىك شوپۇر دېگەن نام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

## كىچىك دوستلار چەتتە مېڭىڭلار

باپ باپ باپ، باپ باپ باپ، باپ باپ باپ،
يولدىن ئۆتەر، يولدىن ئۆتەر نۇرغۇن ماشىنا.
كىچىك دوستلار، كىچىك دوستلار چەتتە مېڭىڭلار،
كىچىك دوستلار، كىچىك دوستلار چەتتە مېڭىڭلار.

جىرىڭ جىرىڭ، جىرىڭ جىرىڭ جىرىڭ،
يولدىن ئۆتەر، يولدىن ئۆتەر نۇرغۇن ۋېلسىپىت.
كىچىك دوستلار، كىچىك دوستلار چەتتە مېڭىڭلار،
كىچىك دوستلار، كىچىك دوستلار چەتتە مېڭىڭلار.

# گۈلباغچە

ئېچىلدى باغدا،
رەڭمۇ- رەڭ چېچەك.
قونۇپ گۈللەرگە،
ئوينار كېپىنەك.

باغچىدا خوشال،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
باللار كۈلۈپ،
ئوينايمىز ئۇسسۇل.

www.uygharkitap.com

## ئەسسالام

ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
سالام بېرىش پەرزىمىز.
ئاتا، ئانا، چوڭلارغا،
سالام بېرىش قەرزىمىز.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
سالام ئەخلاق زىننىتى.
سالام بەرگەن بالىنىڭ،
يۈكسەك ھۆرمەت، ئىززىتى.

## دوست بولايلى

كېلىڭ، كېلىڭ باللار،
دوست بولايلى.
بىللە ئويناپ كۆلۈشۈپ،
خوش بولايلى.

كېلىڭ، كېلىڭ باللار،
دوست بولايلى،
بىلىم ئېلىپ باغچىدا،
خوش بولايلى.

# ئات مىندىم

تاق تاق تاق، تاق تاق تاق،
ياغاچ ئېتىم پاتىراق چاپ،
مەن ماڭىمەن باغچىغا،
ئەتىگەندە قاھ ـ قاھلاپ.

تاق تاق تاق، تاق تاق تاق،
ياغاچ ئېتىم پاتىراق چاپ،
مەن قايتىمەن باغچىدىن،
ئۆيۈم نەدە ئۆزۈڭ تاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توشقانچاق

كىچىك ئاپپاق توشقانچاق،
بەكمۇ قورقۇنچاق.
ئۆگەنمەيمەن سىنىڭدىن،
ياق ياق ياق، ياق ياق ياق.

كىچىك ئاپپاق توشقانچاق،
ماڭا قاراپ باق.
ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن،
مېنى دوراپ باق.

كىچىك ئاپپاق توشقانچاق،
مەن ساڭا ئامراق.
قول تۇتۇشۇپ سەكرەيلى،
بىللە تاق تاق تاق.

www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر قىزىمەن

مارت قىزىمەن،
ئۇيغۇر قىزىمەن.
گۈل چىچەكتىن،
دەستە تىزىمەن.

مارت قىزىمەن،
ئۇيغۇر قىزىمەن.
ئەل مېھرىدە،
ئەركىن كېزىمەن.

مارت قىزىمەن،
ئۇيغۇر قىزىمەن.
ئەجدادلارنىڭ،
ۋارىس ئىزىمەن.

## كۆچەتمەن

مەن بىر كۆچەتمەن،
باغچىدۇر بېغىم.
ئۆتەر شاد - خورام،
ئۆسمۈرلۈك چېغىم.

مۇئەللىم باغۋەن،
بەكمۇ مېھرىبان.
ماڭا ئانامدەك،
كۆيۈنەر ھامان.

ئۆگىتەر دائىم،
ئەخلاق، بىلىمنى.
يورۇتۇپ كۈندەك،
مېنىڭ دىلىمنى.

مەن بىر كۆچەتمەن،
تىمەن ئۆسۈمەن.
چوڭ بولۇپ ئەلگە،
مېۋە بېرىمەن.

## دورىمايەن چۈجىنى

ئاپپاق، سېرىق چۈجىلەر،
يەر چوقلاپ يۈرۈشەر.
چۈك - چۈك قىلىپ سايرىشىپ،
ئانىسىنى ئەگىشەر.

دورىمايەن چۈجىنى،
كىچىك دوستلار ئاڭلاڭلار.
ئانام ئىشقا كەتكەندە،
ئەگەشمەيمەن پەقەتلا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىڭناغۇچ

يىڭناغۇچۇم، يىڭناغۇچ،
ئېگىز ـ ئېگىز ئۇچ.
ئۈستىمىزدە ئايلىنىپ،
قېشىمىزغا چۈش.

يىڭناغۇچۇم، يىڭناغۇچ،
پەرۋاز قىلغىن شات.
بىزمۇ بىر كۈن ئۇچىمىز،
ياساپ جۈپ قانات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىلەنگۈچ

ئىلەنگۈچۈم، ئىلەنگۈچ،
ئېگىز، ئېگىز ئۇچ.
ساغلام بەدەن بالا بوپ،
شانۇ ـ زەپەر قۇچ.

ئىلەنگۈچۈم، ئىلەنگۈچ،
ئېگىز، ئېگىز ئۇچ.
كۆكتە پەرۋاز ئەيلەيمىز،
بىزدە تولۇق كۈچ.

ئىلەنگۈچۈم، ئىلەنگۈچ،
ئېگىز، ئېگىز ئۇچ.
بىز قورقمايمىز ھەرگىزمۇ،
مۈشكۈل كەلسە دۇچ.

## ئاپتاپپەرەس

ئاپتاپپەرەس، ئاپتاپپەرەس،
كۆككە تەلپۈنەر.
يوپۇرمىقى شوخ شامالدا،
يېنىك يەلپۈنەر.

ئاپتاپپەرەس، ئاپتاپپەرەس،
قۇياشقا باقار،
گۈل ئېچىلغان چېچەكلىرى،
ئالتۇن نۇر چاچار.

ئاپتاپپەرەس، ئاپتاپپەرەس،
بىز ساڭا ئوخشاش.
ئۇلۇق ئانا ۋەتىنىمىز،
گوياكى قۇياش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاسماندىكى لاچىنلار

ئاسماندىكى لاچىنلار،
يەردە نېمە كۆردۈڭلار؟
تاقىشىپتۇ ئاسمانغا،
تاغدا ئېگىز قارىغايلار.

ھوسۇل ئاپتۇ ئاشلىقتىن،
مېھنەت سۆيەر دېھقانلار،
تولۇپتۇ كەڭ دالاغا،
سېمىز ئات، قوي، كاللار.

مەكتەپلەردە شاد خورام،
ئوقۇماقتا باللار.

## چېلەكىم

بەكمۇ ئەپلىك، چىرايلىق،
كىچىككىنە چېلەكىم.
باغچىمىزغا سۇ توشۇپ،
تالماس ھەرگىز بېلەكىم.

سۇ قۇيىدۇ گۈللەرگە،
ئامراق دوستۇم چېلەكىم.
گۈلزار قىلىش باغچەمنى،
مېنىڭ ئارزۇ - تىلەكىم.

## خەتنە توي

(ئوغۇل بالا ئاغزىدىن)

بۈگۈن ماڭا خوشال كۈن،
يىگىت بولدۇم، چوڭ بولدۇم.
ئاتا ـ ئانام ئەجرىدە،
ئەقىل تاپتىم، ئوڭ بولدۇم.

جېنىم دادا، جان ئانا،
مەڭگۈ رەھمەت سىلەرگە.
تۈگىمەيدۇ قەرزىڭلار،
يۈدۈپ بارسام ھەرەمگە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## دوختۇر بولىمەن

ئاغرىپ قالدىم تۈنۈگۈن،
ياتتىم ۋاي - ۋايلاپ،
دوختۇر ئاچام ساقايتتى،
مېنى ئاۋايلاپ.

ساغلام بەدەن بالا بوپ،
كۆچكە تولىمەن.
كەلگۈسىدە مەن چوقۇم،
دوختۇر بولىمەن.

www.uyghurkitap.com

## ئالما كۆچىتى

زەپ چىرايلىق باغچىدۇر،
يەسلىمىزنىڭ بىر چېتى.
مەنمۇ تىكتىم شۇ باغقا،
بىر جۈپ ئالما كۆچىتى.

چوڭ بولغاندا شۇ كۆچەت،
پىشار قىزىل ئالمىلار.
مەن مەكتەپكە كەتكەندە،
يېسۇن كىچىك بالىلار.

## قارلىغاچ كەلدى

كۆرۈڭ دوستلار، كۆرۈڭلار،
قارلىغاچ كەلدى.
كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىپ،
سايرىغاچ كەلدى.

كۆرۈڭ دوستلار، كۆرۈڭلار،
قارلىغاچ كەلدى.
كۆكلەم پەسلى ھاۋانى،
پارلىغاچ كەلدى.

كۆرۈڭ دوستلار، كۆرۈڭلار،
قارلىغاچ كەلدى.
مەلىمىزدىن ئۆي ئىزدەپ،
ئارىلىغاچ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بايرام سوۋغىسى

كەلدى بۈگۈن شاد بايرام،
خوشال ئويناپ كۈلىمىز.
ياساپ رەڭدار گۈلدەستە،
ئانىمىزغا سۇنىمىز.

كەلدى بۈگۈن شاد بايرام،
خوشال ئويناپ كۈلىمىز.
ياساپ رەڭدار گۈلدەستە،
دادىمىزغا سۇنىمىز.

كەلدى بۈگۈن شاد بايرام،
خوشال ئويناپ كۈلىمىز.
ياساپ رەڭدار گۈلدەستە،
مۇئەللىمگە سۇنىمىز.

## ئەللەي ئۇكام

ئۇخلاڭ ئۇكام بۆشۈكتە،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.
قۇشلار ئۇخلار دەرەختە،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.

ئاي ۋە يۇلتۇز ئاسماندا،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.
ئۇخلار بۇلۇت ئۈستىدە،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.

ئۆۋىسىدا مۈشۈكلەر،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.
ئۇخلاپ قاپتۇ كېچىدە،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.

سىزمۇ ئۇخلاڭ بۆشۈكتە،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي.
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي،
ئەللەي ئۇكام، ئەللەي...

## بلەمسز؟

- ئېيتىڭ دوستۇم بلەمسز،
يورۇق نەدىن كېلىدۇ؟
- يورۇق كېلەر قۇياشتىن،
بۇنى ھەممە بىلىدۇ.

- ئېيتىڭ دوستۇم بلەمسز،
يەنە قانداق يورۇق بار؟
- ئۆيىمىزدە ئاخشىمى،
نۇر چاچىدۇ چىراقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ياخشى بالا

سەھەر تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
يۈز، قولۇمنى يۇيىمەن.
يىغىپ ئورۇن، كۆرپەمنى،
ئۆز ئورنىغا قويىمەن.

تەييارلانغان چېيىمنى،
ئۆزۈم ئېچىپ تويىمەن.
ئۆز ئىشىمنى ئۆزۈم قىپ،
ياخشى بالا بولىمەن.

## كاككۇك سايرىدى

سەھەردە باغدا،
كاككۇك سايرىدى.
ئاڭلىسام دائىم،
دىلىم يايرىدى.

ئۈنىڭ ئاۋازى،
كۆككە ياڭرىدى.
بولغاچ يېقىملىق،
ھەممە ئاڭلىدى.

مەنمۇ كاككۇكمەن،
ۋەتىنىم باغدۇر.
ناخشىچى بولۇش،
ئارزۇيۇم باردۇر.



كىتاب تورى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com

# ئاق توقاچ

ئاق توقاچ، ئاپپاق توقاچ،
نەدىن كەلدى بۇ توقاچ؟
پىشتى خېمىر يۇغۇرۇپ،
ئانام تونۇرغا ياققاچ.

ئاق توقاچ، ئاپپاق توقاچ،
تۇخۇم سالغان ماي توقاچ.
دادام ئىشلەپ ئېتىزدا،
بۇغدايدىن هوسۇل ئالغاچ.

## مېنىڭ ئۆيۈم يايلاقتا

تاغنىڭ ئۈستىدە،
مېنىڭ ئۆيۈم بار.
ئاۋازىم ياڭراق،
ناخشا، كۈيۈم بار.

ياپ ـ يېشىل يايلاق،
چىملىق مەيدان بار.
ئېگىز قارىغاي،
چەكسىز ئورمان بار.

ئات، كالا ۋە قوي،
سېمىز پاقلان بار.
ئۇندا مال باقار،
ئىشچان ئاكام بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاق كەپتىرىم

ئاق كەپتىرىم ئېگىز ئۇچ،
بۇلۇتلارنى يېرىپ كەل.
قولۇمدىكى كەمپۈتنى،
بىر دوستۇمغا بېرىپ كەل.

مېنىڭ دوستۇم يۇرتۇمدا،
ئەھۋالىنى بىلىپ كەل.
سالىمىمنى يەتكۈزۈپ،
خەۋىرىنى ئېلىپ كەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## ئۇستازىم

مېھرى ئىللىق قۇياشتەك،
نۇر چاچقۇچى چىراقسەن.
پەنگە تەشنا قەلبىمگە،
سۇ بەرگۈچى بۇلاقسەن.

باغۋەنىمسەن ئۇستازىم،
ئۆگەتتىڭسەن پەن - بىلىم.
سېنىڭ ئىللىق ئەجرىڭدىن،
كۈندەك يورىدى دىلىم.

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ،
ئەقىل، كۈچكە تولىمەن.
سەن كۈتكەندەك يارامىلىق،
جەسۇر ئەۋلاد بولىمەن.

## قار ئويۇنى

كىچىك چانام بار،
ئاستىدا قەلەي.
كىيىمىم قېلىن،
قولۇمدا پەلەي.

دۆڭدىن سىيرىلسام،
ئۇچىمەن ئوقتەك.
كۆرۈنمەس ئەتراپ،
ھېچنەرسە يوقتەك.

قار ياغقان چاغدا،
گۈزەل داللار.
قىشلىق تەتىلدە،
ئوينار باللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يېشىل مايسىلار

چەكسىز ئېتىزدا،
يېشىل مايسىلار،
ئۆسسۈن ئۈنىنىشىپ،
يېنىك چايقىلار.

كۆركەم تەبىئەت،
توزدەك ياسىنار.
سالقىن شامالدا،
ياڭرار ناخشىلار.

# مېنىڭ يېزام

مېنىڭ يېزام بەك چىرايلىق،
گۈزەل يايلاق.
ئۆتلىشىدۇ كالا، قوي ۋە
بوتا، تايلاق.

مېنىڭ يېزام بەك چىرايلىق،
ھەممە ئامراق،
چوڭ ۋە كىچىك بەكمۇ ئىناق،
كۆيى ياڭراق.

مېنىڭ يېزام بەك چىرايلىق،
ھايات قايناق.
ئەجەپ مىزىلىك ئۇندا ئىچكەن،
سۈت ھەم قايماق.

## باغچىمىزنى سۆيىمىز

باغچىمىزدا ھەر دائىم،
خوشال ئويناپ، كۈلىمىز.
بىلىم ئېلىپ كەلگۈسى،
ياخشى بالا بولىمىز.

باغچە بەخت ئۆيىمىز،
ياڭرار ناخشا كۈيىمىز.
بىزگە ئەقىل ئۆگەتكەن،
ئۇستازلارنى سۆيىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## شائىر بولىمەن

ياخشى ئوقۇپ چوڭ بولغاندا،
شائىر بولىمەن.
سۆز كانىدىن ئۈنچە قېزىپ،
ماھىر بولىمەن.

ۋەتىنىمنىڭ بەختى ئۈچۈن،
ھازىر بولىمەن.
شېئىر يېزىپ، قوشاق توقۇپ،
سادىر بولىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## باھار كەلدى

باھار كەلدى، كۆكلەم كەلدى قار، مۇز ئېرىپ،
ئېرىقلاردا سۇلار ئاقتى مۇزنى يېرىپ.
قارىغۇجىلار كەلدى ئېتىزدا مېھمان بولدى،
كېچە - كۈندۈز ھارماس پەقەت قۇرۇت تېرىپ.

باھار كەلدى، قۇياش كۈلدى، نۇرلار چاچتى،
سوغۇق ھاۋا يەر يۈزىدىن يىراق قاچتى.
دېھقان تاغا كۆپلەپ ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن،
ئېتىزلارغا ئۈمىد بىلەن ئۇرۇق چاچتى.

## قىزىل گۈل

گۈلباغچىدا ئېچىلدى،
رەڭدار گۈللەر،
لالە، رەيھان، بىنەپشە،
داڭدار گۈللەر.

گۈللەر ئارا تاللىدىم،
ئىسىل گۈللەر.
بەكمۇ كۆركەم كۆرۈنەر،
قىزىل گۈللەر.

ھەر غۇنچىدا قاتمۇ- قات،
ياپراقلىرى.
دىماغلارغا ئۇرۇلار،
پۇراقلىرى.

قىزىل گۈلدىن تىزدىم،
بىر گۈلدەستە.
مۇئەللىمگە سۇندۇمەن،
زور ھەۋەستە.

## تىك - تاك توپ

تىك ـ تاك توپ، تىك ـ تاك توپ،
كىچىككىنە ئاپپاق توپ.
دوستۇم بىلەن ئويناسمەن،
قېنى ماڭا دەپباق توپ.

مەلىدە بار كۆك تاختا،
قولۇمدا بار جۈپ پالاق.
مەن ئوينايمەن سەن بىلەن،
دوستلار بىلەن ھەممە ۋاق.

# مۇئەللىمنى كۈيلەيمىز

گۈل غۇنچىدەك ئېچىلدۇق،
گۈزەل مەكتەپ قوينىدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىدۇق،
ئىلىم پەننىڭ ئىشقىدا.

ئۇستازىمىز باغۋەندۇر،
بىز گۈل غۇنچە مەكتەپتە.
مۇئەللىمنى كۈيلەيمىز،
بىز ھەممىمىز ھۆرمەتتە.

www.uyghurkitap.com

# ئاق چېچەك

ئاق چېچەك، ئاق چېچەك، ئاپپاق چېچەكلەر،
چولپان كەبى چاقنايدۇ بىزنىڭ تىلەكلەر.

ئاق چېچەك، ئاق چېچەك، گويا ئاپپاق كېپىنەك،
چېچەكلىسەڭ باغلاردا، شادلىنىدۇ شوخ يۈرەك.

ئاق چېچەك، ئاق چېچەك، پاكلىقى ئاق كۆڭۈلدەك،
خۇش پۇرىقى بەرمەكتە، شېرىن مېۋىدىن دېرەك.

## تولۇنئاي

ئاسماندىكى تولۇنئاي،
ئۆزەر كۆكتە توختىماي،
ئەتراپىدا يۇلتۇزلار،
ئوينىشىدۇ ئۇخلىماي.

تولۇنئايغا قارايمەن،
قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن.
بولسا بىر جۈپ قانىتىم،
ئۆرلىسەم دەپ ئويلايمەن.

بىلىم ئېلىپ چوڭ بولۇپ،
راكىتاغا ئولتۇرۇپ،
ئاي يۈزىنى بېزەيمەن،
گۈل چېچەككە تولدۇرۇپ.

## ئۇستازىم گويا قۇياش

باغچىغا گۈل تەردىم، كۆتتۈم ئاۋايلاپ،
نۇر بەردى باھاردا چاقنىغان ئاپتاپ.
كۆكلەمنىڭ يامغۇرى ياغدى شارقىراپ،
ئېچىلدى غۇنچە گۈل كۈلۈپ قاھ ـ قاھلاپ.

مۇئەللىم مېھرىبان گوياكى قۇياش،
كۆيۈنەر ئۇ ماڭا ئانىغا ئوخشاش.
ئۇستازىم سۆزىنى ئاڭلايمەن چوقۇم،
ۋەتەننى پۈركەيمەن گۈلگە بىر تۇتاش.

www.uyghurkitap.com

# تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن سېغىزخان

## شېئىرى مەسەللەر

كىتاب تورى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

## ئوغلاق بىلەن قوزىچاق

بىر يايلاقنىڭ چېتىدە،
ئېگىز تاغلار بار ئىكەن.
يولى ئەگرى، داۋىنى
تىك، خەتەرلىك، تار ئىكەن.

تۇغۇلۇپتۇ باھاردا،
ئوغلاق بىلەن قوزىچاق.
دوست بولۇشۇپ، كۈنلىرى -
ئۆتەر بوپتۇ شات - خۇشۋاق.

دەپتۇ ئوغلاق بىر كۈنى:
- جۇر ئوينايلى، قوزىچاق.
چىقالايمىز تاغقىمۇ،
ھەمدەملىشىپ تىرىشساق.

ئۇنىماپتۇ قوزىچاق،
دوستىنىڭ بۇ سۆزىگە.
تاققا چىقىش،- دەپتۇ ئۇ،-
جاپا تېپىش ئۆزىگە.

شۇڭا ئېمىپ قوزىچاق،
ئانىسىنى تويغىچە.

قىمىرلىماي ئورنىدىن،
ئۇخلار بوپتۇ كەچكىچە.

ئوغلاق تاغقا چىقىشقا،
كەپتۇ قەتئىي نىيەتكە.
چېنىقىپتۇ ھەر كۈنى،
يېتىش ئۈچۈن مەقسەتكە.

ئېگىز تاغقا بىر كۈنى،
يامىشىپتۇ بەك تەستە.
ئاغرىتىپتۇ پۇتىنى،
جاپالىق يول دەسلەپتە.

لېكىن ئوغلاق تەۋرەنمەي،
مەشىق قىپتۇ توختىماي.
دائىم شۇنداق تىرىشىپ،
ئۆتۈپتۇ كۈن، ھەپتە، ئاي.

تاغقا چىقىش ھەم چۈشۈش،
بوپتۇ ئاخىر بەك ئاسان.
بويسۇنۇپتۇ ئوغلاققا،
ئېگىز تاغ ھەم تىك داۋان.

شۇندىن تارتىپ بۇ ئوغلاق،
تاغ ئۈستىدە ئوتلاپتۇ.
ئىسسىل ئوت ۋە سۈزۈك سۇ،
يۈرىكىنى خوش قىپتۇ.

ھورۇن قوزا شۇ پېتى،
ئۈز ئورنىدا يېتىپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ،
ياز پەسلىمۇ كېتىپتۇ.

كۈز مەزگىلى چارۋا مال،
سەپەر قىپتۇ قىشلاققا.
راسلىنىپتۇ ئوغلاقمۇ،
مېڭىش ئۈچۈن يىراققا.

ماڭالماستىن قوزىچاق،
تۇرۇپ قاپتۇ ھاسراپ.
خىجىل بوپتۇ شۇندىلا،
بېشى تۆۋەن ساڭگىلاپ.

بېرەلمىگەچ بەرداشلىق،
قوزا بۇنداق سىناققا.
جان بېرىپتۇ ئاخىرى،
دۈچكىلىپ بىر پىچاققا.

## ماختانچاق باچكا

بىر توپ كەپتەر باچكىسى،
كۆكتە ئۇچۇپ ئويناپتۇ.
چۈش مەزگىلى بولغاندا،
دەم ئېلىشنى ئويلاپتۇ.

قارا باچكا ئۆزىنى،
بەكمۇ قاۋۇل چاغلاپتۇ.
دوستلىرىنىڭ ئالدىدا،
قانىتىنى ماختاپتۇ.

- كۈچكە تولغان قانىتىم،
چەكسىز يۆلەك - ئامىتىم.
يەنە ھەپتە ئۇچساممۇ،
پۈكۈلمەيدۇ قامىتىم...

ئامال بولماي دوستلىرى،
يەرگە قايتىپ چۈشۈپتۇ.
ئەنسىرىشىپ ئۇنىڭدىن،
كۆككە قاراپ تۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ ئۇ باچكا،
كۆككە مەغرۇر ئۆرلەپتۇ.

ماختىنىشتىن مەس بولۇپ،
لاچىن كەلسە كۆرمەپتۇ.

بىر چاغ كۆرۈپ لاچىننى،
يەرگە قاراپ شۈڭگۈپتۇ.
بىراق لاچىن بۇرۇنراق،
ئۇچۇپ ئالدىن توسۇپتۇ.

باچكا قورقۇپ ئۆزىنى،
ئويان - بۇيان ئېتىپتۇ.
تېلىپ ئاخىر قانىتى،
ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئېتىلىپ،
لاچىن كېلىپ چاقماقتەك.
بىر ئۇرغانكەن، باچكىدىن،
پەي توزۇپتۇ توزغاقتەك.

بىچارىنىڭ بېشىنى،
لاچىن شۇئان ئۈزۈپتۇ.
ئىبرەت قىلىپ دوستلىرى،
مۇنداق تەمسىل تۈزۈپتۇ:

- قورسىقىڭنى ئاچ قويۇپ،
ئويۇنغىلا بېرىلمە.
مەغرۇرلىنىش زىيانلىق،
تەمكىن بولغىن، كېرىلمە.

## تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن كۆچەت

ئىككى كۆچەت باغچىدا،
ئۆستى بىللە چوڭ بولۇپ.
تۆمۈر تۇمشۇق چوقىدى،
كېلىپ بىرسىگە قونۇپ.

كايىپ تۆمۈر تۇمشۇقتىن،
زارلاپ كەتتى ئۇ كۆچەت:
- سويۇپ مېنىڭ پوستۇمنى،
توكۇلدىشىڭ نە ھاجەت؟

دۇمباق چېلىپ كۆكسۈمدە،
بەكمۇ تەگدىڭ جېنىمغا،
جان ئاغرىتقان دوست ئەمەس،
كەلمە ئەمدى يېنىمغا...

تۆمۈر تۇمشۇق قانچە رەت،
چۈشەندۈرسە ئاقمىدى.
قۇرۇت باركەن دېگەن سۆز،
ئاڭا پەقەت ياقمىدى.

تۆمۈر تۇمشۇق ئامالسىز،
قارىمىدى ئۇ چەتكە.

كېلىپ قوندى ئايلىنىپ،
يەنە بىر تۈپ كۆچەتكە.

يىللار ئۆتتى بۇ كۆچەت،
تولدى گۈزەل ھۆسنىگە.
ساڭگىلىدى شاخلىرى،
تولۇپ شېرىن مېۋىگە.

مەمنۇن بولدى شۇڭا ئۇ،
باتۇر تۆمۈر تۇمشۇقتىن.
ئەمدى گەپنى ئاڭلايلى،
زارلاپ كەتكەن ئۇششۇقتىن.

ئۇنىڭ ئاجىز تېنىگە،
ئېغىر كېسەل چاپلاشتى.
قۇرۇپ كېتىپ ياپرىقى،
ھالسىرىدى، سولاشتى.

چۈشەندى ئۇ دۈشمىنى،
قۇرۇت ئىكەن ئەسلىدە.
تۆمۈر تۇمشۇق دوستىنى،
ئالدى شۇندا ئېسىگە.

دېدى: - دوستۇم، مەقسىتىڭ،
ئىكەن مېنى داۋالاش.
دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ،
دېگەن راستكەن جان ئاداش.

# تيىنىنىڭ تۆۋرۆك سانىشى

كىچىك تيىن، چوڭ تيىن،
ئېگىز ـ پەسكە سەكرىشىپ.
كۆرۆپ بىر تۆپ دەرەخنى،
يۆگرىشىپتۇ بەسلىشىپ.

بىر تال ئالما بار ئىكەن،
ئۇ دەرەخنىڭ شېخىدا.
دەپتۇ دەرەخ تيىنلار ـ
يېتىپ كەلگەن چېغىدا.

ـ بۇ ئالمىنى يېيىشكە،
سېلىپ قويدۇم كۆۋرۆكنى.
كۆردۆڭلارمۇ يول بويلاپ،
قاتار كەتكەن تۆۋرۆكنى.

تۆۋرۆكلەرنىڭ سانىنى،
كىمكى تاپسا ئالدىدا.
شۇ ئەقىللىق سانىلىپ،
ئېغىز تەگسۇن ئالمىغا.

تيىنلارنىڭ نەپسىنى،
قيىن سوئال تۇراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرېسى

يېنىپ ئۇلار كەينىگە،
بىر تۆۋرۈكتىن سوراپتۇ.

دەپتۇ تۆۋرۈك تېپىشماق:
-ئەللىك مېتىر ئارىمىز.
بەش مىڭ مېتىر بۇ يولدا،
قانچە بولۇر سانىمىز؟

كىچىك تىيىن ئويلىنىپ،
تورۇپ قاپتۇ باش قاشلاپ.
چوڭى بولسا ساناشقا،
يۈگۈرۈپتۇ شاپاشلاپ.

تۆۋرۈك ساناپ ئالدىراپ،
كېتىپتۇ ئۇ ھاسىراپ.
خېلى ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ،
كەپتۇ سانىنى ھېسابلاپ.

ئۇ قارىسا دەرەختە،
كىچىك تىيىن تورۇپتۇ.
تېپىپ تۆۋرۈك سانىنى،
ئالمىنى يەپ بولۇپتۇ.

كۆرۈپ شۇندا ئۇلارنى،
قاقاھلاپتۇ دەرەخ چال.
دەپتۇ ئىككى تىيىنغا،
مۇنداق چوڭقۇر بىر ماقال:

- كۈچلۈك بولسا بىلىكىڭ،
تەستە بىرنى يېڭەرسەن.
چوڭقۇر بولسا بىلىمىڭ،
تېزلا مىڭنى يېڭەرسەن.

تۆۋرۈك زادى قانچىكەن،
سىلەر ئويلاپ تېپىڭلار.
قانداق تاپتى كىچىكى،
كىچىك دوستلار ئېيتىڭلار؟

## ھىلىگەر مۈشۈكنىڭ ھىلىسى

بولغان ئىكەن بىر بوۋاي،
قىرىسىمۇ، تېنى ساق.
ئىككى مۈشۈك بېقىپتۇ،
بىرى سېرىق، بىرى ئاق.

ئۆيىدە بۇ بوۋاينىڭ،
چاشقان بەكمۇ تولىكەن.
پىنھان بۇلۇڭ ھەم تورۇس،
چاشقانلارنىڭ يولىكەن.

مۈشۈكلەرگە بۇيرۇپتۇ،
چاشقان تۇتۇش ئىشىنى،
بېرىدىكەن تۇتقانغا،
ئىككى ۋاقلىق ئېشىنى.

سېرىق مۈشۈك تۇن بويى،
تۇرار ئىكەن جىسەكتە.
ئۇخلايدىكەن ئاق مۈشۈك،
غەم قىلماستىن تۆشۈكتە.

تاڭ ئاتقاندا سېرىقى،
يۇمار ئىكەن كۆزىنى.

ئاش يەيدىكەن ئاق مۆشۈك،
مەلۇم قىلىپ ئۆزىنى.

كۆنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ،
ئېقى ئاش يەپ يېتىپتۇ.
چاشقان تۇتۇپ سېرىقى،
ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاق مۆشۈك،
بەك ياراپتۇ بوۋايغا.
تەييارتاپ دەپ سېرىقنى،
ئەپچىقىپتۇ دالانغا.

شۇندىن باشلاپ سارايدا،
چاشقان ئۆلمەس بولۇپتۇ.
دالان ئۆلۈك چاشقانغا،
بىر - ئىككىلەپ تولۇپتۇ.

چۈشىنەلمەي بۇ ئىشنى،
بوۋاي ھەيران بولۇپتۇ.
سىنىماق بوپ ئۇلارنى،
ئالماشتۇرۇپ بېقىپتۇ.

شۇندا دالان ئۆيىدىن،
تۇتۇلماپتۇ بىر چاشقان.
ساراي ئۆيگە قارىسا،
چاشقانلار ئۆلۈپ ياتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايان بوپتۇ شۇندىلا،
ئاق مۈشۈكنىڭ ھىلىسى.
قايىل قىپتۇ بوۋاينى،
سېرىقنىڭ بىگىسى.

سېرىق مۈشۈك تەر تۆكۈپ،
ئېرىشىپتۇ ئاش - نانغا.
كۆز بويىغان ئاق مۈشۈك،
قوغلىنىپتۇ تالاغا.

## ئاغمىخاننىڭ ئەخمەقلىقى

ھاۋا ئىسسىق بىر كۈنى،
چۈش مەزگىلى بولغاندا.
ھېچبىر كىشى قالماپتۇ،
ئېتىزلىقتا - خاماندا.

كىچىككىنە ئاغمىخان،
يۈگرەپ كەپتۇ خۇش بولۇپ،
كۆرۈپ تاغدەك بۇغداينى،
چاۋاك چاپتۇ زوقلىنىپ.

چەش ئۈستىگە ئۆملەپ،
چىقىپتۇ ئۇ شادلىنىپ.
نەزەر سېپتۇ ئەتراپقا،
ئۇسسۇل ئويناپ ئايلىنىپ.

كەپتۇ شۇندا بىر چاشقان،
ئوت - چۆپلەرنى ئارىلاپ.
ھېجىيىپتۇ ئۇنىڭغا،
ئۇيان - بۇيان مارىلاپ.

دەپتۇ:- ھاي - ھاي ئاغمىخان،
سەن ئاجايىپ ئەقىللىق.

زېرىكىپسەن بىر ئۆزۈڭ،
قىلاي ساڭا يېقىنلىق.

دوست بولايلى ئىككىمىز،
مېنىڭ كۆركەم ئۆيۈم بار.
سېنى خۇشال قىلغۇدەك،
ھۆنىرىم بار، كۈيۈم بار.

قېنى يۈرگىن ئۆيۈمگە،
مېھمان بولغىن ئولتۇرۇپ.
دەپتۇ دەرھال ئاغزىغا،
بوغدايىنى لىق تولدۇرۇپ.

بۇ سۆزلەرگە ئاغمىخان،
بەكمۇ ئوڭاي ئىرىپتۇ.
ئەگىشىپ ئۇ چاشقاننىڭ،
ئۇۋىسىغا بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۆيى كەڭ ئىكەن،
ئىچكىرى ئامبار ئىكەن.
ئىككى - ئۈچ يىل يەتكۈدەك،
ئاشلىقمۇ بار ئىكەن.

ھەيران بولۇپ ئاغمىخان،
شۇنچە نۇرغۇن بۇغدايدىن.
- نەدىن ئالدىڭ بۇلارنى؟
دەپ سوراپتۇ چاشقاندىن.

- بۇغدايلارنى دېھقانلار،
ئېرىپ قويار ساماندىن.
يۈتكۈۋالدىم مەن ئۇنى،
دەل پەيتىدە خاماندىن.

دەپتۇ چاشقان ئۆزىچە،
مەغرۇرلىنىپ، كېرىلىپ.
ئاغزىدىكى بۇغداينى،
ياندۇرۇپتۇ كېكىرىپ.

دەپتۇ يەنە: - جۈر بىللە،
چىڭ تۇتايلى پۇرسەتنى.
قورقما، ئۆگەن مېنىڭدىن،
باتۇرلۇقنى، جۈرئەتنى.

بەك قورقۇپتۇ ئاغمىخان،
تەييار ئاشنى ئېلىشتىن.
قېچىش توغرا كەلگەندە،
ئارقىسىدا قېلىشتىن.

شۇندا چاشقان بىر غۇلاچ،
شوينا يىپنى تېپىپتۇ.
ئۇلار بىردىن پۇتىنى،
شۇ يىپ بىلەن چىگىپتۇ.

نېمە بولساق بىللە دەپ،
كۆڭۈللىرى تىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

ئوزۇقلىنىپ كېلىشكە،
خامانلىققا مېڭىپتۇ.

ھەر ئىككىسى بۇغداينى،
يەپتۇ تازا ئالدىراپ.
ئاشۇ پەيتتە ئاسماندىن،
بىر سا كەپتۇ پىقىراپ.

ئولجىسىنى كۆرۈپ ئۇ،
ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.
قېچىپ يۈرگەن چاشقانغا،
چاڭگال سېلىپ تۇتۇپتۇ.

ئۆرلەپتۇ سا ئاسمانغا،
ئولجىسىنى كۆتىرىپ.
پۈتى باغلاق ئاغمىخان،
تەڭ چىقىپتۇ ئېسىلىپ.

ئۇچۇپتۇ سا ئېگىز - پەس،
مەللەرنى ئارىلاپ.
كۆرۈپ بۇنى باللار،
كۈلۈشۈپتۇ ۋارقىراپ.

پۇشايماندا ئاغمىخان،
تىپىرلاپتۇ تولغىنىپ.
باللارغا ھەسرەتتە،
شۇنداق دەپتۇ ئاھ ئۇرۇپ:

ـ كىم يولۇقسا قازانغا،
يۇقار ئىكەن قارىسى.
دورىماگلار مەندەكنى،
ئادىمزات بالىسى.

## كەسلەنچۈكنىڭ ئاقىۋىتى

كەسلەنچۈكلەر ماكانى
ئورمان ئىكەن ئەسلىدە.
بۈك - باراقسان بولاركەن،
ئورمانلار ياز پەسلىدە.

ياشايدىكەن ئۇ يەردە،
جانىۋارلار يايرىشىپ.
شادلىقىدىن قۇشلارمۇ،
يۈرىدىكەن سايرىشىپ.

كەسلەنچۈكلەر بىر كۈنى،
زارلىشىپتۇ ناھايەت.
دەل - دەرەخلەر ئۈستىدىن،
قىلىشىپتۇ شىكايەت.

- نەگە بارساق يېشىللىق،
شاخ - شۇمبا ھەم يوپۇرماق.
مۇمكىنمىدۇر بۇلاردىن،
ئامال تېپىپ قۇتۇلماق؟

كەسلەنچۈكلەر ئاخىرى،
مۇنداق پىلان تۈزۈپتۇ.

ھەر كېچىدە دەرەختىن
شاخ، يوپۇرماق يىغىپتۇ.

كۆنلەر ئۆتۈپ شاخ تۆگەپ،
يىلتىزنىمۇ كولاپتۇ.
جانىۋارلار توسسىمۇ،
نىيىتىدىن يانماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ جايدا،
دەل - دەرەخلەر تۆگەپتۇ.
قۇش - جانىۋارلار تېزنىشىپ،
باشقا ياققا جۆنەپتۇ.

قىش كەلگەندە ئەتراپنى،
قاپلىۋاپتۇ قېلىن قار.
كەسلەنچۆكلەر تىترىشىپ،
يىغلىشىپتۇ زارۇ - زار.

كەپتۇ باھار پەسلىمۇ،
ھەر يىلىغا ئوخشىماي.
سۇ ئېقىپتۇ ھەر ياندا،
كەلكۈن بولۇپ توختىماي.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردە،
قاپتۇ تاش ۋە توزانلار.
يازۇ - قىشى ھەر ياندا،
ھۇۋۇلار بوپتۇ بورانلار.

كەسلەنچۈكلەر ماكانى،
بولۇپتۇ چۆل - باياۋان.
ئەجەل ئېلىپ كېلەركەن،
كەلكۈن بىلەن قوم، بوران.

پاك تەبىئەت ئۇلارنى،
جازالاپتۇ رەھىمسىز.
كەسلەنچۈكلەر يىغلايمىش،
پۇشايماندا تىنىمسىز.

# تۆھپىلەرنىڭ ئىگىسى

سۆھبەت بوپتۇ كۈز پەسلى،
جىمجىت ئايدىڭ كېچىدە.
نەشپۈتلەر مەي باغلىغان،
بىر چوڭ باغنىڭ ئىچىدە.

يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ،
چاۋاك چېلىپ سۆزلەپتۇ.
باشقىلارغا دوق قىلىپ،
ئۆز نەپسىنى كۆزلەپتۇ.

دەپتۇ ئۇلار: - پەقەت بىز
ھەممە ئىشنى باشلىغان.
سۆلەت قوشۇپ دەرەخكە،
سالقىن سايە تاشلىغان.

يوپۇرماقسىز بۇ دەرەخ،
قۇرۇپ قالار شامالدا.
نەشپۈتلەرمۇ ئەلۋەتتە،
مەۋجۇت بولماس جاھاندا.

- يالغان، - دەپتۇشاخلىرى،
ئۇيان - بۇيان سىلكىنىپ.

يوپۇرماقنىڭ ئىنساپسىز،
سۆزلىرىدىن سەسكىنىپ، -

مانا پاكىت ھەممە شاخ،
يوپۇرماقتا تولغانغۇ.
ھەتتا تاتلىق نەشپۈتمۇ،
بىزدىن بىنا بولغانغۇ؟

- ئىنساپ كېرەك ئاداشلار،
دەپ سۆزلەپتۇ يىلتىزلار، -
ھەر قايسىڭلار قانداق قىپ،
ياشايسىلەر بىزسىزلا؟

بىز قاتتىق يەر ئاستىدا،
كەڭرى قانات كەرمەسەك.
قېنى ئۆسۈپ بېقىڭلار،
سۇ ۋە ئوزۇق بەرمەسەك.

تۆھپىلەرنى تالىشىپ،
قاپتۇ ئۇلار سەنلىشىپ.
شۇندا نەشپۈت سۆزلەپتۇ،
سالا قىلىپ گەپ تىشىپ:

توغرا دوستلار، تۆھپە بار،
ھەممىمىزدە بىر ئۈلۈش.
ئادىلىراق ھۆكۈم شۇ،
تۆھپىلەرنى تەڭ بۆلۈش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشى ئەمەس ھەر كىشى،
ئۆز نەپسىنى كۆزلىسە.
قېنى ئاڭلاپ باقايلى،
تەبىئەتمۇ سۆزلىسە.

دەل شۇ چاغدا باغ ئىچى،
جاراڭلاپتۇ، ياڭراپتۇ.
يوپۇرماق، شاخ، يىلتىزلار،
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ.

- كۆچەتلەرنى كىم تىكتى،
كىم ئۇلىدى ئۇلاقنى؟
كىم ئەجىر قىپ بۇ باغقا،
باشلاپ كەلدى بۇلاقنى؟

بېغىشلىدى كىم بىزگە،
قان تەرىنى، دىلىنى؟
كىم ناۋاتتەك نەشپۈتتىن،
رازى قىلدى ئېلىنى؟

ئاڭلاپ بۇنى ھەممىسى،
شادلىنىپتۇ ئەجەپمۇ.
قېنى ئويلاپ تېپىڭلار،
كىچىك دوستلار كىمدۇ بۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يوپۇرماق بىلەن چىكەتكە

شامال چىقىپ تۇيۇقسىز،
بوران بولدى كۈچىيىپ.
چىمەنلىكتە چېكەتكە
يىغلاپ كەتتى ئۈمچىيىپ.

كۆكتە چاقماق چېقىلىپ،
يورۇپ كەتتى ھەممە ياق.
چېكەتكىنىڭ كۆزىگە،
كۆرۈندى كۆك يوپۇرماق.

كىردى دەرھال بىچارە
قىياپەتكە چېكەتكە.
نەشتىرىنى يوشۇرۇپ،
ئالماشتۇردى كۈلكىگە.

سۆزلەپ كەتتى چىرىلداپ،
يوپۇرماققا يالۋۇرۇپ.
كېلىشۈاتقان ھالاكەت،
تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ.

ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا
بۇ رەھىمدىل يوپۇرماق.

بوران بىلەن يامغۇردىن،
بولدى ئۇنى يوشۇرماق.

چېكەتكىنىڭ ئۈستىگە،
يېپىپ قويدى تونىنى.
تاڭ ئاتقىچە چېكەتكە،
چىقارمىدى ئۈنىنى.

ئالەم يورۇپ بىردىنلا،
زەر نۇر تۆكۈپ كۈن چىقتى.
يوپۇرماققا چەكچىيىپ،
چېكەتكىدىن ئۈن چىقتى:

- كېچە قارنىم ئاچ ئىدى،
كۆزلىرىممۇ ياش ئىدى.
بىلمەيتتىڭمۇ ئەزەلدىن،
مېنىڭ باغرىم تاش ئىدى.

شۇڭلاشقا، - دەپ ئاغزىغا
كەلگەن گەپنى دەۋەردى.
يوپۇرماقنى ئەيمەنمەي
بىر چېتىدىن يەۋەردى.

كۈلكىلەرنىڭ تەكتىگە
ئەمدى يەتتى يوپۇرماق.
چىدىماستىن ئەلەمگە،
ئىشى بولدى ئاھ ئۇرماق.

www.uyghurkitap.com

- قۇتقۇزۇڭلار، - دېدى ئۇ،
پۈتۈن ئورمان ياڭرىدى.
يوپۇرماقنىڭ ئەرزىنى،
تۆمۈر تۇمشۇق ئاڭلىدى.

ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ ئۇ،
چېكەتكىنى چوقۇدى.
ئۇنىڭ يۈزسىز ئىشىغا،
يۈزمىڭ لەنەت ئوقۇدى.

يوپۇرماقنى تەنقىدلەپ،
قىلدى ئوبدان نەسىھەت.
ھەممىسىگە ئاڭلىتىپ،
ئېيتتى مۇنداق تەمسىل گەپ:

- ۋاپا قىلساڭ دۈشمەنگە،
جاپا قىلار ئۆزۈڭگە.
بىخۇت بولساڭ ئەگەردە،
توپا چاچار كۆزۈڭگە.

## ئالا كۆچۈك بىلەن تۈلكە

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن.
ئالا كۆچۈك ئاق كۆڭۈل،
بەكمۇ بەگۈاش، شوخ ئىكەن.

مال باقاركەن ئانىسى،
ئىگىسىگە ئەگىشىپ.
كۆچۈك ئۆيدە ئويناركەن،
توخو بىلەن تەگىشىپ.

پۈتۈن بىر كۈن يېپىشكە،
قىلىپ قويغان تاماقنى.
ئەتىگەندە يەپ بولۇپ،
تېرىپتۇ ئۇ چاتاقنى.

تۆكۈپ سۈتنى يالاقىا،
قورسىقىنى توقلاركەن.
توخولارنى قورقۇتۇپ،
ئېگىز - پەسكە قوغلاركەن.

چاتاقلارنى ئىگىسى،
توخولاردىن كۆرەركەن.

ئۈچ تۇخۇنى كاتەكلەككە،
شۇڭا سولاپ قويارکەن.

ئالا كۈچۈك تېرىكىپ،
ئىگىسىنىڭ ئىشىدىن.
كەلمەس بوپتۇ كۈندۈزى
يىراق ئورمان ئىچىدىن.

يولۇقۇپتۇ بىر كۈنى،
ئاڭا ئورمان تۈلكىسى.
قايىل قىپتۇ كۈچۈكنى،
ئۇنىڭ خۇشخۇي كۈلكىسى.

شۇندىن باشلاپ ئىككىسى،
دوست بولۇپتۇ يوشۇرۇن.
كەپ تۇرۇپتۇ تۈلكىمۇ،
كۈندۈزى ھەم كەچقۇرۇن.

ئالا كۈچۈك ئۆيىگە،
كەپتۇ تۈلكە بىر كۈنى.
ئوينىشىپتۇ ئىككىسى،
مۆك - مۆكۈلەڭ ئويۇنى.

ئۆتۈپ بىر چاغ ئۇ تۈلكە،
كېتىپ قاپتۇ ئالدىراپ.
قايتىپتۇ ئۆي ئىگىسى،
ھېرىپ - ئېچىپ ساڭگىلاپ.

تورزۇپ كەتكەن پەيلەرگە،
ھەيران بوپتۇ ئىگىسى.
كاتەكتىكى توخودىن،
يوقالغانكەن ئىككىسى.

سەپسېلىپ ئۇ تۈلكىنىڭ،
يەردە قالغان ئىزىغا.
- بەچچىغەر قۇۋ تۈلكە - دەپ،
ئاچچىقلاپتۇ ھېلىلا.

ئالال كۆچۈك چۈشەنمەي،
يۈتكەن توخو سىرىنى.
سىناش ئۈچۈن تۈلكىنى،
ئويلاپتۇ بىر ھىلىنى.

كەپتۇ تۈلكە ئەتىسى،
يەنە ئويناپ كۈلۈشكە.
روخسەت قىپتۇ كۆچۈكمۇ
ئاۋۋال ئۇنى مۆكۈشكە.

كۆچۈك بولسا يالغاندىن،
كۆزىنى چىڭ ئېتىپتۇ.
غىپلا قىلىپ قۇۋ تۈلكە،
باغ تەرەپكە كېتىپتۇ.

- بولدى، - دېگەن بىر ئاۋاز،
ئاڭلىنىپتۇ نېرىدىن.

ئەمما كۈچۈك ماڭماپتۇ،
مۆكۈۋالغان يېرىدىن.

تۈلكە، دەرھال چۈشۈپتۇ،
ئېگىز تامدىن ئارتىلىپ.
كاتەكتىكى توخوغا،
ھۇجۇم قىپتۇ ئېتىلىپ.

تۇتۇۋېلىپ توخونىڭ،
گېلىنى چىڭ بوغۇپتۇ.
توخو بولسا پالاقلاپ،
بىر دەمدىلا ئۆلۈپتۇ.

كۈچۈك كۆرۈپ بۇ ھالنى،
كەپتۇ قاتتىق غەزەپكە.
ئوقتەك ئۇچۇپ بېرىپتۇ،
كاتەك تۇرغان تەرەپكە.

ئىشىكنى كاتەكنىڭ،
راسا مەھكەم ئېتىپتۇ.
ئۆي ئىگىسى كەلگىچە،
شۇندا كۈتۈپ يېتىپتۇ.

ئىگىسى كەپ تۈلكىنى،
تۇمشۇقىدىن ئىلىپتۇ.
ئالا كۈچۈك پەمىگە،
بارىكاللاھ ئېيتىپتۇ.

## قاغا بىلەن قارغۇجا

قاغا قاخشال دەرەختە،
ياتار ئىكەن قاقشىنىپ.
بىكار تەلەت ئۆمرىدىن،
يۈرىدىكەن ماختىنىپ.

ئەمگەك سۆيەر قارغۇجا،
ئۇچۇپ كېلىپ يېنىغا.
شۇنداق سوئال سوراپتۇ،
ئەتەي تىگىپ چىشىغا.

- قارا - قارا قاغىجان،
بىكار ياتساڭ بولامدۇ؟
ئىشلىمىسەڭ قورسىقىڭ،
ياتقانغىلا تويامدۇ؟

دەپتۇ قاغا: - هورۇنلۇق،
مېنىڭ ئەسلى ئادىتىم.
بىكار ئويناپ ياتسامۇ،
كېلەر تەلەي- ئامىتىم.

تەييار مېنىڭ ئاشلىقىم،
ئېتىزلىقتا، خاماندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېزەك ياسار ئېشەكمۇ،
مېنىڭ ئۇچۇن سامانىدا.

سەن بىچارە جاپاكەش،
داڭگاللىقتا يۈرۈيسەن.
توپا- داڭگال ئىچىدىن،
قۇرۇت، قوڭغۇز تېرىيسەن.

مېنى كۆرسە باللار،
قىزغىن قارشى ئالىدۇ.
ئېتىزلاردا قوغلىشىپ،
نۇرغۇن چاۋاك چالىدۇ.

ئىشەنمىسەڭ قېنى، جۇر،
ئېتىزلىققا بارايلى.
گېپىم راستمۇ - يالغانمۇ،
نەق مەيدانغا قارايلى.

- ماقۇل، - دەپتۇ قارغۇجا،
بىللە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
ئۇچا - ئۇچا ئاخىرى،
بىر يېزىغا يېتىپتۇ.

قاغا خۇشال قونۇپتۇ،
بىر ئېشەكنىڭ ئۇستىگە.
قارغۇجىغا قاراپتۇ،
مەغرۇرلىنىپ بەستىگە.

قىلىقسىزنىڭ قىلىقى،
بەك ھار كەپتۇ ئېشەككە.
قاغا شۇندا سەكرەپتۇ،
يەردە ياتقان تېزەككە.

ئاچچىقىدا ئۇ ئېشەك،
راسا بىرنى تېپىپتۇ.
قاغا بىردەم پالاقشىپ،
خۇددى تاشتەك قېتىپتۇ.

## ئىككى مۈشۈك

بىر مۈشۈك بار كارامەت،
كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدۇ.
ھورۇن ھەمدە ئاچپاقا،
يېسە- يېسە تويمايدۇ.

قويۇپ قويغان نەرسىلەر،
ئۆز ئورنىدا تۇرمايدۇ.
ئوغرىلاپ ئۇ يېمەكنى،
قورسىقىنى توقلايدۇ.

باش - كۆزى بەك پاسكىنا،
قوللىرىنى يۇمايدۇ.
قېچىپ كېتىپ تالاغا،
ئۆيدە تىنچ تۇرمايدۇ.

بىر مۈشۈك بار بەك چېچەن،
باشقىلارغا مۇلايىم.
ئۇخلىماستىن كېچىسى،
چاشقان تۇتار ھەر دائىم.

كۈندە يۇيار يۈزىنى،
ئاش ۋە نانىنى تاللىماس.

ئۆيدە تۇرغان نەرسگە،
ھەرگىز نەزەر تاشلىماس.

كىچىك دوستلار، ئېيتىڭلار،
قايسى مۆشۈك ياخشىكەن؟
ئەسكى مۆشۈك ئادىتى،
قايسىڭلاردا بار ئىكەن؟

www.uyghurkitap.com

## چۈجىلەرنىڭ ئۆلۈمى

ئوينار ئىكەن بەش چۈجە،
مېكىيانغا ئەگىشىپ.
دانلار ئىكەن ھەر ياندا،
چۈكۈلدىشىپ، تەگىشىپ.

كۆرۈنگەننى چۈجىلەر،
چوقار ئىكەن تاللىماي.
ھەر نەرسىنى يەيدىكەن،
بۇ نېمە دەپ ئويلىماي.

شۇنداق قىلىپ ئاردىن،
نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ.
چۈجىلەرنىڭ تۇيۇقسىز
چوڭ ئاكىسى ئۆلۈپتۇ.

- ئامال يوق، - مېكىيان،
ئاھ ئۇرۇپتۇ ئىسەدەپ.
تاڭ ئاتقاندا كېتىپتۇ،
تۆت چۈجىنى يېتىلەپ.

كەچتە يەنە بىر چۈجە،
ئاكىسىنى دوراپتۇ.

ئانىسىدىن قالغىنى،
نېمە ئىش بۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

-ئامال يوق،- دەپ مېكىيان،
قايىل قىپتۇ ئۇلارنى.
كەنجىسىمۇ لاغىلداپ،
ئاغرىپ قاپتۇ بىر كۈنى.

كەپتۇ شۇندا داۋالاش،
مېكىياننىڭ كۆڭلىگە.
يېتىپ كەپتۇ ئالدىراش،
دوختۇرلارنىڭ ئۆيىگە.

- زەھەرلەنگەن،- دەپتۇ ئۇ،
كۆرۈپ چىقىپ چۈجىنى.
ئىچىش ئۈچۈن بېرىپتۇ،
تېز شىپالىق دورىنى.

ئىچىپ ئۇنى كەنجىسى،
ساقىيىپتۇ بەكمۇ تېز.
ئانىسىغا ئەگىشىپ،
دانلار بوپتۇ ئىزمۇ - ئىز.

شۇندىن كېيىن مېكىيان،
قالماس بوپتۇ پۇشماندا.
سەل قارىماي كىسەلگە،
بارار بوپتۇ دوختۇرغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككى قۇشقاچ

ئىككى قۇشقاچ بالىسى،
بىللە ئوйناپ يۈرۈپتۇ.
ئېگىز دەرەخ ئاستىدا،
قىزىق بىر ئىش كۆرۈپتۇ.

كەپتۇ كىچىك بىر بالا،
يوغان داسنى كۆتۈرۈپ.
ياغاچ تىرەك تىرەپتۇ،
دېسنى دۈم كۆمتۈرۈپ.

داس ئاستىغا ئۇ بالا،
بىر چاڭگال دان چېچىپتۇ.
كىرىپ ئۆيگە ئىشكنى،
قىيا قىلىپ ئېچىپتۇ.

ئىككى قۇشقاچ كۆرۈپتۇ،
يەردە ياتقان شوينىنى.
چۈشىنىپتۇ بالىنىڭ،
قۇشقاچ تۇتۇش ئويىنى.

ۋىچىرلىشىپ ئىككىسى،
مەخپى پىلان تۈزۈپتۇ.

ئالداش ئۇچۇن باللىنى،
داس ئاستىغا چۈشۈپتۇ.

چۈشۈپتۇيۇ ئالدىراش،
نۆۋەت بىلەن دانلاپتۇ.
بىرى ئۇنىڭ شوينىدىن،
كۆزىنى ھېچ ئالماپتۇ.

شوينا مىدىر قىلسىلا،
- قاچ ،- دەيدىكەن شېرىكى.
داس ئىچىدە ئۆلجىنىڭ،
بولمايدىكەن دېرىكى.

زېرىكمەپتۇ ئۇ بالا،
ئوخشاپ قورۇپ تۇزاقنى.
پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ،
كۆزلەپ خېلى ئۇزاقنى.

دانلىشىپتۇ قۇشقاچلار،
نەچچە قېتىم ئالمىشىپ.
تەگىشىپتۇ بىر چاغدا،
نۆۋىتىنى تالىشىپ.

ھەر ئىككىسى قېلىشماي،
نۆۋەت مېنىڭ، دەيدىكەن.
بىر تەرەپتىن تىللىشىپ،
بىر تەرەپتىن يەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر چاغ ئۇلار ئۆز ئارا،
سوقۇشۇشقا باشلاپتۇ.
تۇيۇقسىز يىپ تارتىلىپ،
داسىنىڭ تېگىدە قاپتۇ.

جېدەل بىلەن ئىككىسى،
ئويلىماپتۇ قېچىشنى.
ھازىرغىچە قۇشقاچلار،
تالىشارمىش شۇ ئىشنى.

## ھەرە بىلەن كېپىنەك

ئۇينار چەكسىز يايلاقتا،
سان - ساناقسىز ھاشارەت.
ئىش ھەرىكىتى، كەلگۈسى،
تەقدىرىدىن بىشارەت.

لەيلىزاردا ياز كۈنى،
كېپىنەك قىز ئارىلار.
قونۇپ چىمەن بېتىگە،
بارچە قۇشنى قارىلار.

گۈل - گىياھنى ھېچقاچان،
تەڭ قىلماس ئۇ ئۆزىگە.
مەغرۇرلۇقتىن ھېچنېمە،
كۆرۈنمەيدۇ كۆزىگە.

كۆينەكلىرى رەڭگارەڭ،
قىزىل، سېرىق، يېشىل، ئاق.
ئىشى ئۇنىڭ ھەر كۈنى،
بىكار ئۇسسۇل ئۇينىماق.

بال ھەرىسى زوقلىنىپ،
گۈلزارلىقتا ئىشلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسسىل گۈللەر لىۋىنى،
مېھرى بىلەن چىشلەيدۇ.

كېپىنەك - كۈندۈز چىمەندىن،
شىرنىلەرنى ئالار ئۇ.
كىچىككىتۇرمەي ۋاقتىدا،
ساندۇقلارغا سالار ئۇ.

قىش پەسلىدە ئەتراپنى،
قېلىن قار - مۇز قاپلايدۇ.
ھەرىلەرنى كىشىلەر،
ئىسسىق ئۆيدە ساقلايدۇ.

كېپىنەك قىز شۇ چاغدا،
ھەريان ئۇچۇپ داتلايدۇ.
بۇ ياسانچۇق قىزچاققا،
ھېچكىم نەزەر سالمايدۇ.

تەبىئەتنىڭ يولى تار،
كېپىنەكتەك مىشچانغا.
ئەلنىڭ مېھرى، قوينى كەڭ،
مېھنەت سۆيەر ئىشچانغا.

## تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن سېغىزخان

بۆك ـ باراقسان ئورماندا،
ئۇچار قۇشلار دوست ئىكەن.
بولغاچ ئىناق، سەممىي،
بىر ـ بىرىدىن خۇش ئىكەن.

بىر كۈنىسى سېغىزخان،
ئېلىپ كەپتۇ شۇم خەۋەر.
يىغىلىپتۇ ھەممە قۇش،
كەڭ سورۇنغا تاڭ سەھەر.

سېغىزخاننىڭ سۆزىچە،
چوڭ پالاكەت كەلگەنمىش.
ئۇچار قۇشلار سىرىنى،
تۈلكە تامام بىلگەنمىش.

بۇ چارىنى تۈلكىگە،
تۆمۈر تۇمشۇق دېگەنمىش.
كېلىپ تۈلكە كېچىسى،
تالاي قۇشنى يېگەنمىش.

بۈگۈن كېچە تۈلكىلەر،
كەلمەك بوپتۇ جاڭگالغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇخلاۋاتقان قۇشلارنى،
چۆشۈرمەك بوپ چاڭگالغا.

ئاڭلاپ قۇشلار بۇ سۆزنى،
قورقۇشۇپتۇ كارامەت.
قوغلاپ تۆمۈر تۇمشۇقنى،
ياغدۇرۇپتۇ ئاھانەت.

تۆمۈر تۇمشۇق ئورماندىن،
ئايرىلىپتۇ ئامالسىز.
پىلان تۈزۈپ كۆڭلىدە،
ئىش باشلاپتۇ ھايالسىز.

كەچ كىرىپ ئۇ ئورماندا،
پەيدا بوپتۇ تۇيۇقسىز.
سېغىزخاننى يوشۇرۇن،
كۆزىتىپتۇ ئىزمۇ - ئىز.

يۇرەر ئىكەن سېغىزخان،
ھەممە يەرنى ئارىلاپ.
ئۇخلاۋاتقان قۇشلارنىڭ،
ياتقان يېرىن مارىلاپ.

ئۇچۇپتۇ ئۇ سېغىزخان،
تاغ تەرەپكە كېچىدە.
تۆمۈر تۇمشۇق مېڭىپتۇ،
شەپە قىلماي كەينىدە.

يېتىپ كەپتۇ سېغىزخان،
تۆلكىلەرنىڭ يېنىغا.
دەپتۇ پۈتۈن ئەھۋالنى،
پاتماي قىنى - قىنىغا.

خۇش بولۇشۇپ تۆلكىلەر،
چاۋاك چاپتۇ سەكرىشىپ.
مۇنداق دەپتۇ ھەممىسى،
سېغىزخاننى ماختىشىپ:

- بولدۇڭ بىزگە ساداقەت،
قىلماستىن ھېچ دۈشمەنلىك.
ھەم ساقلىدىڭ ئىچىڭدە،
ئۆز پۇشتۇڭغا ئۆچمەنلىك.

ئۈمىدىڭنى ئاقلايمىز،
تەلپىڭگە يارىشا.
ھەممە قۇشنى يوقاتساق،
سەن بولىسەن پادىشا.

تۆمۈر تۇمشۇق بۇ سۆزنى،
ئاڭلاپ دەرھال قىچىپتۇ.
ئورماندىكى قۇشلارغا،
بولغان ئىشنى ئېيتىپتۇ.

جىددىي جەڭگە راسلىنىپ،
تەييار بوپتۇ پالۋانلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

بۈركۈت، ئۆكە، قارغۇجا،
لاچىن، سا ھەم شۇڭقارلار.

يېتىپ كەپتۇ بىر چاغدا،
بىر توپ ئاچكۆز تۈلكىلەر.
ئورمانلىقنى بىر ئاپتۇ،
قىيا - چىيا، كۈلكىلەر.

تاڭغا يېقىن ئورماندا،
باشلىنىپتۇ جەڭ - ئۇرۇش.
ھۇجۇم قىپتۇ تۇيۇقسىز،
تۈلكىلەرگە بارچە قۇش.

قاچقان تۈلكە قۇتۇلۇپ،
قالغانلىرى ئۆلۈپتۇ.
بۇ غەلىبىدىن شادلىنىپ،
ھەممە قۇشلار كۈلۈپتۇ.

تۆمۈر تۇمشۇق غەزەپتە،
ئاختۇرۇپتۇ ئورماننى.
كىكىرتەكتىن چىڭ بوغۇپ،
تۇتۇپتۇ سېغىزخاننى.

ۋايجانلاپتۇ سېغىزخان،
تۆمۈر تىرناق زەربىدىن.
كىچىككىنە بىر تۆشۈك،
ئېچىلىپتۇ گېلىدىن.

بۇ ئىبرەتلىك جازانى،
ھەممە لايىق كۆرۈپتۇ.
ۋاپاسىزلىق ئۇنىڭغا،
شۇ تامغىنى ئۇرۇپتۇ.

شۇندىن باشلاپ سېغىزخان،
زارلار ئىمىش جېنىدىن.
تومۇز كۈنلەر سۇ ئىچسە،
تۆكۈلەرمىش گېلىدىن.

www.uyghurkitap.com

## قۇلاق بىلەن كۆز

بەگۋاش پولات سىناقتا،
ئۇنبەش ئاپتۇ ھېسابتا.
مۇئەللىمى كۈيۈنۈپ،
تەنقىدلەپتۇ سىنىپتا.

ئۇ مەكتەپتىن ئالدىراپ،
ئۆيگە كەپتۇ ساڭگىلاپ.
خىجالەتتە يېتىپتۇ،
بېشى تازا گاڭگىراپ.

ئۇ ئۇخلاپتۇ بەكمۇ تېز،
شۇندا قۇلاق ھەمدە كۆز.
بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ،
تالىشىپتۇ نۇرغۇن سۆز.

ئىككى قۇلاق بىر بولۇپ،
ئاچچىقىدىن دىڭ تۇرۇپ.
پىچىرلاپتۇ ئۆز ئارا،
غەيۋەت بىلەن ئاھ ئۇرۇپ:

- نەتىجىنىڭ سەۋەبى،
ئىككى كۆزنىڭ ئەيىبى.

بۇنداق تۆۋەن نومۇرغا،
كەلمەس كىمنىڭ غەزىپى.

كۆزلەر دەرس ۋاقتىدا،
دىققەت قىلماس دوسكىغا.
يازغان خەتكە قارىماي،
ھاڭۋاقىدۇ باشقىغا.

ئولتۇرۇشار ماسلىشىپ،
بىر - بىرىگە ياندىشىپ.
نەزەر تاشلار تالاغا،
ئۆز - ئۆزىنى ئالدىشىپ.

ئۇخلاپ قالار بەزىدە،
سىنىپتىلا كۈندۈزدە.
شۇڭا جىمجىت ياتامدۇ،
گۇنا بولغاچ ئۆزىدە.

كۆز ئۆزىنى تۇتالماي،
ئاھانەتكە چىدالماي.
ۋارقىراپتۇ قولاققا،
ئۆپكىسىنى باسالماي:

- بىز كۆرمىسەك ھەممىنى.
بىلىسلەر نېمىنى؟
بىزلا يەيمىز ھەرقاچان،
پولاتجاننىڭ غېمىنى.

بىزلا ئەمەس ئەيىبكار،
ئەسلى سىلەر گۇناھكار.
پولات ئالغان ئونبەشكە،
پەقەت سىلەر جاۋابكار.

تەلىم بىرەر مۇئەللىم،
ھەممىمىزگە مۇلايىم.
بۇ نەسىھەت سىلەردە،
ساقلانمايدۇ ھەر دائىم.

ياخشى گەپكە پاك بولۇپ،
سوئاللارغا تاك بولۇپ.
يۇرۇيسىلەر گىدىيىپ،
قۇرۇق گەپكە زەك قويۇپ...

قۇلاق يەنە قايناپتۇ،
كۆزمۇ راسا ۋايساپتۇ.
ھەق - ناھەقنى ئايرىشقا،
باش مىڭىنى سايلاپتۇ.

مىڭە ئوبدان ئاڭلاپتۇ،
كەڭرەك نەزەر تاشلاپتۇ.
تەنقىد قىلىپ ئۇلارنى،
ئۆز سۆزىنى باشلاپتۇ:

- سەندىمۇ بار چوڭچىلىق،
سەندىمۇ بار كەمچىلىك.

كەمچىلىككە نىسبەتەن،
مەن قىلمايمەن كەڭچىلىك.

ئوتتۇقلارنى تەرىپلەپ،
كەمچىلىكنى ئەيىبلەپ.
دائىم ياخشى ئۆتنۈگلار،
ئۆزۈڭلارنى تەنقىدلەپ.

قۇلاق ئوبدان ئاڭلىسۇن،
كۆزمۇ كۆرسۇن زەڭ سېلىپ.
تىرىشساڭلار پولاتمۇ،
خۇشاللىنار يۈز ئېلىپ ...

ئويغىنىپتۇ شۇھامان،
ئۇيقۇسىدىن پولاتجان.
ھازىر كۆرگەن چۈشىدىن،
بوپتۇ بەكمۇ خىجىلچان.

شۇندىن كېيىن ئويلىنىپ،
قىزىرىپتۇ پولاتجان.
چوڭ ئىرادە تىكلەپتۇ،
بولۇش ئۈچۈن تىرىشچان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلىكتىرونلۇق نۇسخىسى
www.uyghurkitap.com

## كىرپىنىڭ ئۆي ياسىشى

كۆز پەسلىدە كىرپىجان،
ئۆي ياساشنى ئويلاپتۇ.
ئوڭدا يېتىپ خام خىيال،
دەرياسىنى بويلاپتۇ:

ـ شۇنداق بىر ئۆي ياسايكى،
ھەممە ھەيران قالغىدەك.
رەڭدار، كۆركەم ھۆسنىگە،
قاراپ كۆزى تالغىدەك.

ياساش ئۈچۈن شۇ ئۆينى،
تاپاي ئۇستا ـ ھۈنەرۋەن.
توققۇزى تەل، قولى گۈل،
ئىشتا پىشقان بىلەرمەن.

شۇنداق دەپ ئۇ ھەر جايغا،
چىقىرىپتۇ مۇراجەت.
كەپتۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن،
بىناكارلار كارامەت.

دەپتۇ كىرپە بىرسىنى،
يوقكەن سەندە شاھادەت.

سىنىڭ ھۈنەر كەسپىڭگە،
كىم بولىدۇ كاپالەت.

دەپتۇ يەنە بىرسىنى،
چىشى ئىكەن جىنىسىڭ.
ئەگەر سىنى ئىشلەتسەم،
تۈگىمەيدۇ جېدىلىڭ.

شۇنداق قىلىپ ئاردىن،
نەچچە ھەپتە ئۆتۈپتۇ.
كىرپە بولسا يەنىلا،
ئۇستىلارنى كۈتۈپتۇ.

كەپتۇ يەنە ھەر جايدىن،
قانچىلىغان بىناكار.
لېكىن كىرپە ئۇلارنى،
قىپتۇ تامام گۇناكار.

بەزىلەرنى دەپتۇ ئۇ،
مەنمەنچىدەك قىلىدۇ.
ئىشەنمەيمەن ئۇ قانداق،
ئۆي ياساشنى بىلىدۇ؟

دەپتۇ يەنە بىرىنى،
بەكمۇ كىچىك بالىكەن.
بوي - تۇرقىغا قارىسام،
قىلغان ئىشى چالىكەن.

كۈنلەر شۇنداق تېزلىپ،
ئايلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە،
قىش پەسلىمۇ يېتىپتۇ.

كەپتۇ يەرگە قار بوۋاي،
ھاسا تۈتۈپ مۈكچىيىپ.
ئۆي ماكانسىز كىرپىجان،
قاپتۇ سوغدا دۈگدىيىپ.

كىرپىجاندەك باللار،
ئارىمىزدا يوق ئەمەس.
مەنمەنچىنىڭ ھەر دائىم،
كۆڭلى پۈتۈن، توق ئەمەس.

## يولۋاس بىلەن تۈلكە

كەپتۇ ئورمان شاھىغا —
يولۋاسقا بىر شىكايەت.
پاش قىلىنىپ تۈلكىۋاي،
سادىر قىلغان جىنايەت.

دەپتۇ خەتتە: تۈلكىۋاي،
بىر ئورمانغا باشلىقمىش.
ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكىنى،
بەڭۋاشلىقمىش، ياشلىقمىش.

باشقىلارنىڭ رىسقىنى،
ئالاركەن ئۇ تۇغرىلاپ.
ياخشىلىقچە بەرمىسە،
كېچىلىرى ئوغرىلاپ.

مەھرۇم بوپتۇ توخولار،
ئۆز ئىختىيار - مەيلىدىن.
توسالماپتۇ تۈلكىنى،
ھېچكىم ياۋۇز پەيلىدىن.

خەۋەر تېپىپ قىلمىشتىن،
يولۋاس ئويلاپ بىر ھازا.

تۈلكىۋايغا پىچىپتۇ،
كېلىشتۈرۈپ بىر «جازا».

تەستىق ساپتۇ يولۋاس شاھ،
شىكايەتكە شۇ ھامان.
تۈلكىۋايغا قارىتىپ،
چۈشۈرۈپتۇ بىر پەرمان:

- بۇ ئىش راستمۇ - يالغانمۇ؟
ئۆزۈڭ تەكشۈر، ئېنىق قىل.
لىيىپ كەتكەن سۆيۈگنى،
سۈزۈلدۈرۈپ تىنىق قىل.

كۆرۈپ تۈلكە تەستىقنى،
ئاپتۇ ھەممە ئۆچىنى.
تەييارلاپتۇ جاۋابقا،
بەش خورازنىڭ گۆشىنى.

# كەپتەر بىلەن بۇلبۇل

بۇلبۇل بىلەن ئاق كەپتەر،
بىللە ئويناپ كۈلەركەن.
ھەممە جايدا، ھەر قاچان،
بىر - بىرىنى يۆلەركەن.

دەپتۇ بۇلبۇل كەپتەرگە،
ئورمانلىقتا بىر كۈنى.
ئەيىپىنى تەنقىدلەپ،
كۆڭلىدىكى گېپىنى.

- كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىپ،
ئۇچىمەن دەپ پو ئاتما.
ھوشيار بولغىن ئۆزۈڭگە،
بىخوتلۇقنى يولاتما.

لېكىن كەپتەر بۇ سۆزنى،
ئاڭلاپ بەكمۇ رەنجىپتۇ.
گۇمانلىنىپ بۇلبۇلدىن،
كەينىگە سەل داجىپتۇ.

كايىپتۇ ئۇ : - نېمىشقا،
ئەيىپىمنى ئاچىسەن؟

www.uyghurkitap.com

ئىناق ، ئىجىل دوست تۇرۇپ،
زەھىرىڭنى چاچىسەن؟

يوقال دەرھال يىراققا ،
كۆرۈنمىگىن كۆزۈمگە .
كەلگۈسىدە كۆرەرمىز ،
ئىگە بولغىن سۆزۈڭگە .

بۇلبۇل شۇنچە يالۋۇرسا ،
بىر ئېغىزمۇ ئاقماپتۇ.
چۈشەندۈرۈپ سۆزلىسە ،
ئاڭا پەقەت ياقماپتۇ.

شۇندىن كېيىن ئاق كەپتەر
قاغا بىلەن دوست بوپتۇ.
ئۇنىڭ تاتلىق سۆزىدىن،
شادلىنىپتۇ، خۇش بوپتۇ.

قاغا ئۇنى ھەر كۈنى،
ماختايدىكەن ھارغىچە.
كەپتەر ئاڭا مەس بولۇپ،
ئۇخلايدىكەن قانغىچە.

دەپتۇ قاغا بىر كۈنى،
-ئۇخلا ساڭا قارايمەن.
پەيلىرىڭنى پەپلەپ،
سىلىق سىپاپ تارايمەن.

شۇنىڭ بىلەن كېتىپتۇ،
كەپتەر شېرىن ئۇيقىغا.
قارا قاغا ئويلاپتۇ،
قاراپ ئۇنىڭ تۇرقىغا:

- ئاق كەپتەرنى يوقاتسام،
كېتەر مەندىن قارا داغ.
شان - شەرەپكە ئېرىشىپ،
يايرىمامدىم ھەممە چاغ.

قاغا دەرھال ئاتلىنىپ،
خەۋەر قىپتۇ تۈلكىگە.
ئېرىشىپتۇ ئۇنىڭدىن،
مىننەتدارلىق كۈلكىگە.

كەلگەن ھامان قۇۋ تۈلكە،
ئېتىلىپتۇ كەپتەرگە،
ھەممە ئەتراپ تولۇپتۇ،
ئاپپاق مامۇق پەيلەرگە.

دەل شۇ پەيتتە بۆلبۇلمۇ،
باشلاپ كەپتۇ بۆركۈتنى.
ئۆلتۈرۈپتۇ تۈلكىنى،
كۆتۈپ تۇرماي سۆكۈتنى.

ئامان قاپتۇ ئاق كەپتەر،
بولۇپ قانات، قۇيرۇقسىز.

ئەسكە ئاپتۇ قاغىنىڭ،
سۆزلىرىنى تۇيۇقسىز.

بۈركۈت بولسا قاغىغا،
تىكىپ ئۆتكۈر كۆزىنى.
جاكارلاپتۇ ھەممىگە،
دانىشمەنىنىڭ سۆزىنى:

ـ دوستۇڭ ئېيتار يىغلىتىپ،
دۈشمەن سۆزلەر كۈلدۈرۈپ.
دۈشمىنىڭگە ئالدانساڭ،
قويار سېنى ئۆلتۈرۈپ.

## قەلەم بىلەن ئۆچۈرگۈچ

قەلەم بىلەن ئۆچۈرگۈچ،
بەكمۇ يېقىن دوست ئىكەن.
بىر - بىرىنىڭ ئىشىدا،
دائىم ھۇشيار پوست ئىكەن.

ئوقۇتقۇچى بىر كۈنى،
بەرگەن ئىكەن تاپشۇرۇق.
قەلەم ئۇنى ئالدىراپ،
ئىشلەپ بوپتۇ توپ - تولۇق.

-خاتا، - دەپتۇ ئۆچۈرگۈچ،
تاپشۇرۇقنى كۆرسىتىپ.
تۈزەتمەكچى بوپتۇ ئۇ،
خاتاسىنى ئۆچۈرۈپ.

-توختا، - دەپتۇ تۇيۇقسىز،
قەلەم ئاڭا ۋارقىراپ.
ئەيىبلەشكە باشلاپتۇ،
ئۆچۈرگۈچنى ئالدىراپ:

- يازغىنىمنى ئايىماي،
ئۆچۈرىسەن ھەر دائىم.

بىلەلمىدىم ئالدىڭدا،
نېمە مېنىڭ گۇناھىم؟

خەتلىرىمنى ئۆچۈرمە،
يىراق تۇرغىن مېنىڭدىن.
سېنى كۆزۈم كۆرمىسۇن،
تويدۇم ئەمدى سېنىڭدىن.

ئاڭلاپ بۇنى ئۆچۈرگۈچ،
ئويلىنىپتۇ غەم بىلەن.
ئىبرەتلىك بىر ئىشنى،
قىلماق بوپتۇ پەم بىلەن.

شۇنداق قىلىپ دەپتەردە،
بولماپتۇ ھېچ ئۆزگىرىش.
بىر كۈن ئۆتۈپ ئارىدىن،
ئايان بوپتۇ ھەممە ئىش.

تاپشۇرۇقنى مۇئەللىم،
قايتۇرۇپتۇ بالىغا.
كەپتۇ دەپتەر ئۇچىپ،
قەلەمچانىنىڭ ئالدىغا.

كېچە يازغان تاپشۇرۇق،
ئېرىشمەپتۇ نومۇرغا.
ئۆچەر، ئوڭشا دېگەن خەت،
يېزىلىپتۇ بىر قۇرغا.

كۆرۇپ قەلەم بۇ هالنى،
بوپتۇ بەكمۇ بىتاقەت.
ئۆچۇرگۇچنىك ئالدىدا،
تارتىپ تالاي خىجالەت.

سوراپ ئەپو ئۇنىگدىن،
يەپتۇ قەلەم پۇشايمان.
قوبۇل قىپتۇ تەنقىدنى،
شۇندىن باشلاپ هەر زامان.

## ئانار دەرىخى بىلەن تەشتەكتىكى كۆچەت

چىچەكلەيتتۇ كۆكلەمدە،
باغدا ئانار دەرىخى.
تونغا ئوخشاش رەڭگارەڭ،
ياسىنىپتۇ ھەر شىخى.

يارىشىپتۇ زەپ كۆركەم،
گۈل - چىچەكلەر بۇ باغقا.
ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى،
چېچىلىپتۇ ھەر ياققا.

دەپتۇ ئانار دەرىخى،
تەشتەكتىكى كۆچەتكە:
- باغقا چىقىپ يىلتىزلان،
جىسمىڭ تولسۇن قۇۋۋەتكە.

چىدىماستىن ھەسەتتە،
كۆرۈپ ئۇنى ئەينەكتە.
كىچىك ئانار كۆچىتى،
بىلجىرلاپتۇ تەشتەكتە:

- ئۆتەر كۈنۈم راھەتتە،
ئىسسىق ئۆيدە تەشتەكتە.

چوڭ بولسىمەن خاتىرجەم،
ئاشۇ جايدا ـ جەننەتتە.

قىشنىڭ سوغى، بورىنى،
ساڭا ئازاپ ئەمەسمۇ؟
قاتتىق يامغۇر، تومۇزدا،
ھالىڭ خاراپ ئەمەسمۇ؟

كۆزگە ئىلماي دەرەخنى،
قىرىپ قويۇپ گېلىنى.
دەپتۇ شۇنداق ئۇ كۆچەت،
تولغاپ نازۇك بېلىنى.

ئۇزۇن ئۆتمەي شامالدا،
تۆكۈلۈپتۇ چېچەكلەر.
قۇرۇق قاخشال ياغاچتەك،
كۆرۈنۈپتۇ دەرەخلەر.

ـ دېمىدىممۇ قاراڭلار، ـ
دەپتۇ كۆچەت ۋارقىراپ، ـ
دەرەخ ئەمدى ئۆلىدۇ،
يامغۇر ياغسا شاقىراپ.

باھار كېتىپ، ياز كېلىپ،
باغ ھۆسنىگە تولۇپتۇ.
دەرەخنىڭ ھەر شېخىغا،
سانسىز مېۋە قونۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«تېپشى قىزىل سىرلاغلىق،
ئىچى مارجان مىخلاغلىق.»
ئۆي ئىچىدە ئانارلار،
سۈمەت - سۈمەت ساقلاغلىق.

تاتلىق شەربەت ئاقاركەن،
يېرىلغان ھەر پوستىدىن.
پەقەت زوۋان چىقماپتۇ،
تەشتەكتىكى دوستىدىن.

ئانار ئۆيگە قارىسا،
كۆچەت تامام قۇرۇپتۇ.
گۈلتەشتەكنىڭ ئىچىدە،
بىر تال ياغاچ تۇرۇپتۇ.

جاپا تارتماي ھېچقاچان،
كەلمەس ئاسان ھالاۋەت.
مۇشەققەتتىن قاچقاننى،
باسار ھامان پالاكەت.

## تۈلكىنىڭ مەسخىرىسى

(شۇ ناملىق مەسەلگە تەقلىت)

ئاچ قورساق بىر قۇۋ تۈلكە،
ئوزۇق ئىزلەپ ئارىلاپ.
چىغىر يولغا ئورماندىن،
چىقىپ كېتىپتۇ مارىلاپ.

يول چېتىدە تۈلكىگە،
يولۇقۇپتۇ بىر ئامەت.
تاش ئۈستىدە پارچە ياغ،
تۇرغىدەكمىش كارامەت.

تۈلكە يۈگرەپ كەلگۈنچە،
تۇرۇپ قاپتۇ ئويلىنىپ.
- توختا،- دەپتۇ ئۆزىگە،
ئاچ نەپسىنى توختىتىپ:

- مېنىڭ رىسقىم ئەجەبا،
بۇنداق تەييار بولامدۇ؟
چۈشۈپ قالغان بولسا ياغ،
تاش ئۈستىدە تۇرامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۇمان بىلەن قۇۋ تۈلكە،
چوڭقۇر ئۇيغا پېتىپتۇ.
ئاستا داجىپ كەينىگە،
بىر دالدىغا مۆكۈپتۇ.

شۇ پۇرسەتتە بىر بۆرى،
ھەر تەرەپكە تىكىلىپ.
پۇراپ ياغنى يىراقتىن،
كەپتۇ ئۇقتەك ئېتىلىپ.

ئاغزىغا سەپ ئۇ ياغنى،
ئىككى يالماپ يۇتۇپتۇ.
ئارقىدىنلا تولغىنىپ،
يەردە جىمجىت يېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئورماندىن،
دەل ـ دەرەخلەر شىلدىرلاپ.
يوشۇرۇنغان بىر ئوۋچى،
چىقىپ كەپتۇ قاھ ـ قاھلاپ.

پىچاق بىلەن بۆرىنىڭ،
تىلىپ نېرى ـ بېرىنى.
ئوۋچى ئەپچىل، ئوڭايلا،
شۇلۇپ ئاپتۇ تېرىنى.

تۈلكە چىقىپ دالدىدىن،
كەپتۇ بىردىن زوۋۇانغا.

قوۋلۇق بىلەن ھېجىيىپ،
شۇنداق دەپتۇ جاھانغا:

- بىر بالاسى بولمىسا،
قۇيرۇق تاشتا تۇرامدۇ؟
تۈلكە ئاكاڭ ئۈچ كۈندۈر،
ناشتا قىلماي يۈرەمدۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# كۆرەشچان ئەجدادلار

(باللار داستانلىرى)

www.uyghurkitap.com

## قەھرىمانلار مەكتەپتە

ناغرا - سۇناي ئاۋازى،
ياڭرار چەكسىز پەلەككە.
مەكتەپ ئىچى پۈركەندى،
لالىزار گۈل - چېچەككە.

جاراڭلىدى ھەرياندا،
تەنتەنە كۈي شاۋقۇنى.
ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدىن،
چاقنار شادلىق ئۇچقۇنى.

قەھرىمانلار ۋەكىلى،
كەلدى بىزنىڭ مەكتەپكە.
بەستىلىك، باتۇر قامتى،
ئىلھام بەردى يۈرەككە.

رەيھان چەگدى گالستۇك،
قەھرىمانلار بوينىغا.
روشەن سۇندى گۈلدەستە،
قورال تۇتقان قولىغا.

پارلار يۈكسەك جەسۇرلۇق،
باتۇرلارنىڭ ھۆسنىدە.

ئاي يۇلتۇزلۇق مىدالى،
نۇر چاچىدۇ كۆكسىدە.

كىچىك جەڭچى سەھنىدە،
قەھرىمانلىق ھەققىدە.
پاراسەتلىك جىگىدىن،
سۆزلەپ بەردى ھېكايە:

«يېشىم ئىدى ئون يەتتە،
ئوقار ئىدىم مەكتەپتە.
ھۆرلۈك ئۈچۈن ئاتلىنىپ،
جەڭچى بولدۇم دەسلەپتە.

ئازادلىق دەپ غۇلجىدا،
قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى.
خىتاي زۇلمىغا قارشى،
پۈتۈن خەلق ئاتلاندى.

جاھىل دۈشمەن ھەر يەردە،
قۇرغان ئىكەن ئىستىھكام.
يۈرىكىمدە دۈشمەنگە،
يانار ئىدى ئىنتىقام.

توسالغۇنى ئېچىشقا،
مەرتلەر چىقتى مەيدانغا.
ئەجەل ئوقى تۇيۇقسىز،
تەگدى بىزنىڭ مەردانغا.

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ خەتەر، جىددى پەيت،
دۈشمەن ئاتار توختىماي.
مەن ئاتلاندىم، يامغۇردەك،
ئوقلارغىمۇ قارىماي.

بىزنى توسقان شۇ ئاكوپ،
قوماندانلىق ئۆيىكەن.
ئۆي ئىچىدە دۈشمەننىڭ،
باشلىقلىرى تولىكەن.

كىچىك ئاكوپ ئاغزىدىن،
كۆرۈپ تۇردۇم ھەممىنى،
غەزەپ بىلەن ياندۇردۇم،
پارتلىغۇچى بومبىنى.

سېكۇنت ساناپ پەم بىلەن،
پەيتنى تازا ھېسابلاپ.
پارتلاتقۇچنى ئېتىپلا،
يوشۇرۇندۇم دۇملاپ.

گۈمبۈر قىلدى كارامەت،
تولدى ئەتراپ توزاڭغا.
دۈشمەنلەرنىڭ خەيلىرى،
ئۇچۇپ كەتتى ئاسمانغا.

ئۆتتۇق يېڭى ھۇجۇمغا،
ياڭراپ كاناي ئاۋازى.

كۆتۈرۈلدى پەلەككە،
غەلبىمىزنىڭ پەرۋازى...»

قىزغىن چاۋاك، ئالقىشلار،
بۆلدى ئۇنىڭ سۆزىنى.
تەسىرلىك ياش قاپلىدى،
ھەممىمىزنىڭ كۆزىنى.

جەڭچىلەرگە چىن دىلدىن،
رەھمەت ئېيتتۇق يېنىشلاپ.
ناخشا - كۈيلەر ياڭراتتۇق،
باتۇرلارغا بېغىشلاپ.

قەھرىمانلىق روھىڭلار،
بىزگە بېرەر زور مەدەت.
ئۆگىنىمىز سىلەردىن،
ئېلىپ چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت.

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ،
ئەقىل كۈچكە تولىمىز.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
باتۇر ئەۋلاد بولىمىز.

## باتۇر قىز نۇزۇگۇم

بىر يىلى ئەللىك يىل بۇرۇن،
ۋەتەن ئىدى زۇلمەتتە.
ئاچ - يالىڭاچ يوقسۇللار،
ياشار ئىدى كۈلپەتتە.

ئەزىزانە قەشقەردە،
مانجۇ بەگلەر ئىشرەتتە.
دېھقانلارنى زالىملار،
ئېزەتتى ھەر تەرەپتە.

سەۋرى ئېشىپ چېكىدىن،
قوزغالدى ئەل شىددەتتە.
ياۋغا قارشى قوزغىلاڭ،
بولدى ھەربىر تەرەپتە.

كىچىككىنە نۇزۇگۇم،
ھۆرلۈك دېگەن تىلەكتە.
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشكە،
قاتناشتى ئۇ غەيرەتتە.

قانخور مەنچىڭ باستۇردى،
ئىنقىلابنى شۇ پەيتتە.

قانچە باتۇر باشچىنى
دارغا ئاستى دەھشەتتە.

پالۋانلارنى چىرىكلەر،
تۈتتى تەرەپ - تەرەپتە.
بۇ تۇتقۇندىن قالمدى،
نۇزۇگۇممۇ بىر چەتتە.

غالجىرلاشقان دۇۋاڭ بەگ،
بەكمۇ ياۋۇز ھەرىكەتتە.
تۇتقۇنلارنى ئىلىغا
يۆتكىدى تېز سۈرئەتتە.

نۇزۇگۇمنىڭ ئاتىسى،
قالدى مىسكىن غۇربەتتە.
جىگەرىنى ئۇزىتىپ،
پەريات چەكتى ھەسرەتتە:

«خەيرى قىزىم نۇزۇگۇم،
ئەقلى قارا قۇندۇزۇم.
كۆلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ يۇلتۇزۇم.

شېرىن قىزىم نۇزۇك ئاي،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىم مۇساپىر بولمىغان،
ئەل ئىشقىدا كۆرەشتە.
يۈرەر ئالغا نۇزۇگۇم،
ئۈمىد بىلەن بىر سەپتە.

«داۋان ئېگىز، ئات ئورۇق»
ماڭار نۇزۇك ھەسرەتتە.
ھۆرلۈك ئوتى ياناتتى،
ئەلنى سۆيگەن يۈرەكتە.

تازىم قىلار يول بويى،
دەل - دەرەخلەر ھۆرمەتتە.
شىلدىرلىشار گۈل - چېچەك،
باتۇرلارغا مەدەتتە.

شىلدىرلىشار مەدەتتە،
گۈل - چېچەكلەر بەس - بەستە.
شېھىت بولغان مەرتلەرگە،
تىزىپ قىزىل گۈل دەستە.

چاقار چاقماق ئوت بولۇپ،
دۈشمەنلەرگە غەزەپتە.
ياغار يامغۇر شارقىراپ،
زالىملارغا نەپرەتتە.

ئەنە ئىلى دەرياسى،
ئاقار سۈرلۈك دەھشەتتە.

ۋادىلاردا ئاھۇ - زار،
زۇلۇم ھۆكۈم سۈرمەكتە....

يۈردى نۇزۇك ئىلىدا،
مۇساپىر بوپ خار بولۇپ.
ئەمەلدارنىڭ قولىدا،
پارچە نانغا زار بولۇپ.

باقى ئاتلىق بىر يىگىت،
ئىشلەر ئىدى شۇ بايغا.
كۆيۈندى ئۇ ھەرقاچان،
نۇزۇگۇمغا - مالايغا.

سىردىشاتتى ئىككىسى،
پىنھاندا دەرد تۆكۈشۈپ.
قىلمىشنى خىتاينىڭ،
نەپرەت بىلەن سۆكۈشۈپ.

شۇ ئەتراپتىن نۇزۇكنىڭ،
ئاكىسىمۇ تېپىلدى.
دەردكە تولغان ئۈچ يۈرەك،
بىر - بىرىگە قېتىلدى.

ئاتمىش ياشلىق ئەمەلدار،
زالىم چوقۇر چال ئىدى.
نۇزۇك ئۇنىڭ قولىدا،
قەدرى يوق بىر مال ئىدى.

ئۈچ كۆرەتتى نۇزۇگۇم،
بۇ مۇتىھەم بۇزۇقنى.
قارانىيەت ئەمەلدار،
ئالماق بولدى نۇزۇگنى.

كۆز سالمىدى نۇزۇگۇم،
تۇرلۇك ئۇزۇق - تۈلۈككە.
ئالتۇن ئۇزۇك، ھالقا ھەم،
تاۋار - دۇردۇن مۆلۈككە.

باش ئەگمىدى ئۇ پەقەت،
تىل - ھاقارەت، تۆھمەتكە.
ۋىجدانىنى ساقلاشچۇن،
رازى ئىدى ئۆلمەككە.

زالىملارنىڭ زۇلمىنى،
تارتتى نۇزۇك يەتكۈدەك.
ئاسمان ئىگىز، يەر قاتتىق،
جاي يوق قېچىپ كەتكۈدەك.

باشقا تاغدەك غەم چۈشتى،
چېپىش كېرەك پىلانىنى.
قۇتۇلۇشقا مەلئۇندىن،
تۈزدى ياخشى پىلانىنى.

زورلۇق بىلەن توي بولدى،
كۈن ئۇلتۇرۇپ كەچ بولدى.

ئەمەلدار ھەم چېرىكلەر،
ھاراق ئىچىپ مەس بولدى.

ھۇجرا ئۆيگە مەس چوقۇر،
كىرىپ كەلدى دەلدەڭلەپ.
چىقتى نۇزۇك ئالدىغا،
ئۆتكۈر خەنجەرنى تەڭلەپ.

باتۇرلارچە ئۇردى ئۇ،
دەل يۈرەككە خەنجەرنى.
غەزەپ بىلەن ئۆلتۈردى،
شۇ ئەمەلدار خۇمپەرنى.

قاچتى نۇزۇك كېچىلەپ،
يامغۇر ياغدى شارقىراپ.
قۇمۇشلۇقنىڭ ئىچىگە،
يوشۇرۇندى ئالدىراپ.

زەيلىك ئۇنىڭ كۆرپىسى،
قۇمۇش بولدى ياستۇقى.
قۇمۇشلۇقنى تىترەتتى،
ئۇنىڭ مۇڭلۇق قوشىقى:

«قۇمۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز باشقا مۇڭ چۈشتى.
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى،
چېرىكلەر قوغلاپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇمۇشلارغا ئوت قويماي،
مەن نۇزۇكنى تۇتالماس.
مەن نۇزۇكنى تۇتقاندا،
تەندە بۇجان ساق قالماس.»

ئۈچ كۈن ئىزلەپ چېرىكلەر،
غالجىر ئىتقا ئوخشىدى.
قۇمۇشلۇققا ئوت قويۇپ،
قورشاپ تۇتتى، قىيىندى.

ياتتى نۇزۇك ئالتە ئاي،
زەي يامۇلدا قىيىنىلىپ.
قىيىن - قىستاق، سوراقتا،
تېنى قانغا مىلىنىپ.

پەرمان كەلدى ئۆلۈمگە،
چىقتى نۇزۇك مەيدانغا.
ئۇنىڭ غەزەپ ساداسى
ياڭرىدى يەر - جاھانغا:

«زالىم پەلەك پوگىلەر
زومىگەرلەر مەيلىچە.
كۈندۈزىمۇ مەن ئۈچۈن
بولدى گويا تۈن كېچە.

تور تاشلىدى كۆك ئاسمان،
مېنىڭ دەردىم ئۆزگىچە.

زەرداپ بىلەن قان تولدى،
يۈرەكتىن تا كۆزگىچە.

مەن ئۆلۈرمەن بىمەھەل
ئاتا - ئانام كۆرگىچە.
ئادالەتسىز بۇ ئىشنى
ئۇنۇتماڭلار ئۆلگىچە!»

جاللاتلارنىڭ قىلىچى
تەگدى نازۇك بەدەنگە.
قەيسەر نۇزۇك جېنىنى
پىدا قىلدى ۋەتەنگە.

نۇزۇك ئۆلدى ۋە لېكىن،
ئار نومۇسنى ساقلىدى.
ئېزىز ئانا ۋەتەننىڭ،
ئىشەنچىنى ئاقلىدى.

ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم،
كۈرەش بىلەن تۇغۇلدى.
دۈشمەنلەرگە تىز پۈكمەي،
پۈتۈن ئەلگە تونۇلدى.

نۇزۇگۇمنىڭ قوشىقى،
داستان بولدى تىللاردا.
باتۇرلىقى ئۇنتۇلماس،
ئۆمۈرۋايەت دىللاردا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## سادىر پالۋان ھەققىدە

### زومىگەرنىڭ ئۇۋقۇشى

موللا توختى يېزىسى،
ۋەيران ئىدى ئۇ تولۇشتە.
كىچىك سادىر بۇ سىرنى،
تەشنا ئىدى بىلىشكە.

قورسىقى ئاچ سادىرغا،
ئۆيدە نان يوق يېيىشكە.
تىترەر ئىدى سوغۇقتا،
كىيىمى يوق كىيىشكە.

ئاز ئۇن تېپىپ ئاپىسى،
تاماق ئېتىپ بېرىشكە.
بۇيرۇۋەتتى سادىرنى،
تاغقا ئوتۇن تېرىشكە.

قۇرۇق ئوتۇن - شاخ ئىزلەپ،
چىقتى ئۇ تاغ ئۇستىگە.

تەڭ كېلەلمەس ھېچنەرسە ،
ئۇنىڭ ئىشچان بەستىگە .

دەل شۇ چاغدا زومىگەر ،
كەلدى ئاتلىق يۆتىلىپ .
غالچىلىرى ئەگەشكەن ،
ئۇۋ قۇشىنى كۆتۈرۈپ .

تاغ ئۈستىدە كۆرۈپ ئۇ ،
ئالا - بۇلا بىر نېمە .
قويۇپ بەردى قۇشىنى ،
سۈرۈشتۈرمەي ھېچنېمە .

ئۇچۇپ چىققان ئۇۋ قۇشى ،
كۆكتە بىردەم پىرقىراپ .
خۇددى ئوقتەك شۇڭغۇدى ،
پەسكە قاراپ چىقىراپ .

كەلگەن پېتى سادىرغا ،
ۋەھشىلەرچە چاڭ سالدى .
چىڭ قاماللاپ كۆتۈرۈپ ،
ئەپكەتكىلى تاس قالدى .

تۇتۇپ ئېلىپ يىلتىزنى ،
زېرەك سادىر قولىدا .
تەپتى تازا نەچچە رەت ،
ۋەھشى قۇشنىڭ بېشىغا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دومۇلىدى تېپچەكلەپ،
سادىر ئۇيان - بۇيانغا.
تەڭ كېلەلمەي قاچتى قۇش،
قانات قېقىپ ئاسمانغا.

پاتقان ئىدى دۇمبىگە،
قۇشنىڭ زەھەر تىرنىقى.
ئايان بولدى سادىرغا،
زومىگەرنىڭ قىلىقى.

سادىركەن دەپ زومىگەر،
كۆلۈپ كەتتى قاقاقلاپ.
يارايسەن، دەپ قۇشنى،
ماختاپ كەتتى چاۋاكلاپ.

چاقناپ كەتتى سادىرنىڭ،
نەپرەت تولغان كۆزلىرى.
ياندى كىچىك قەلبىدە،
ئىنتىقامنىڭ ئوتلىرى.

## ئۈچ ئالغۇچى بالا

كىچىك سادىر چوڭ بولۇپ
ئەمدى ئون بەش يېشىدا.
تۇرار ئىدى سۇ تۇتۇپ،
قوناقلىقنىڭ بېشىدا.

كەلدى ئەبگا تۆت چىرىك،
بىر دېھقاننى چىك باغلاپ.
ئۇردى تىللاپ دېھقاننى،
ئۆزلىرىنى شىر چاغلاپ.

سادىر ئوقتەك ئېتىلىپ،
توختاش! - دېدى ۋارقىراپ.
قورققىنىدىن چىرىكلەر،
تۇرۇپ قالدى گاڭگىراپ.

چىرىكلەرنى قورقۇتتى،
پىرقىرىتىپ كەتمەننى.
قېچىپ كەتتى دەرھاللا،
قۇتۇلدۇرۇپ دېھقاننى.

كەتتى بۇ ئىش شۇ ھامان،
ھەممە يەرگە تارىلىپ.
مۆكۈپ يۇردى يوشۇرۇن،
سادىر ئۆيدىن ئايرىلىپ.

ئاق جاڭزىدا بىر ئۆيگە،
سادىر كەلدى بىر كېچە.
يىغىلىشىپ دوستلىرى،
ناخشا ئېيتتى تاڭغىچە.

ئاڭلاپ بۇنى شاڭيۇ بەگ،
باشلاپ كەلدى چىرىكنى.

قورشاپ ھەممە ئەتراپنى،
توسۇپ ئالدى ئىشىكنى.

ئۇرۇش بولدى بىرھازا،
كۆپ باللار قۇتۇلدى.
دوستلىرىنى قاچۇرۇپ،
سادىر يالغۇز تۇتۇلدى.

باغلاپ ئۇنى چىرىكلەر،
ھەيدەپ كەلدى يامۇلغا.
ئۇرۇپ - قىيناپ، سوراق قىپ،
پالىۋەتتى قومۇلغا.

چەكسىز ئازاب چەكتى ئۇ،
مۇساپىرلىق يولىدا.
ئويۇپ قالدى قىزىل قان،
ئۇنىڭ پۇت ۋە قولىدا.

سادىر قورقماي دۈشمەنگە،
غەزەپ - نەپرەت ئوقۇدى.
كىيىن خەلق ئىچىدە،
مۇنداق قوشاق توقۇلدى:

«سادىر دەپ ئىتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا،
قومۇل ۋاڭغا پالانغان.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭگىلدىكى شاگىۋ.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم،
قۇمۇل شەھرىدە ياگىۋ.»

## سادىر پالۋان

سادىر قىچىپ قۇمۇلدىن،
يىنىپ كەلدى ئىلىغا.
چۈشتى يەنە نەچچە رەت،
چىرىكلەرنىڭ قولىغا.

تام تېشىپ ئۇ سوڭگەكتە،
قاچتى بىر رەت تالاغا.
ئۇنى باققان چىرىكلەر،
قالدى تازا بالاغا.

دۈشمەن ئۇنى يامۇلدا،
خۇددى ئىتتەك تالىدى.
قىچىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئۈرۈمچىگە پالىدى.

زېرەك سادىر ئۇ يەردىن،
قېچىپ كەلدى بەكمۇ تېز.
چىدىمىغان دۈشمەنلەر،
قوغلاپ كەلدى ئىزمۇ ـ ئىز.

يول ئۈستىدە ئۇ يەنە،
چىرىكلەرگە تۇتۇلدى.
ھەربىرىگە بىر تەڭگە،
پۇلنى بېرىپ قۇتۇلدى.

تۇتۇش ئۇچۇن سادىرنى،
چىقتى ئېلان ئۆيلەرگە.
ئەۋەتىلدى چىرىكلەر،
يېزا، قىشلاق، كۆيلەرگە.

كىم ئېلىپ كەلسە سادىرنىڭ،
كاللىسىنى شەنگەنگە.
ۋەدە بەردى ئۇنىڭغا،
بېرىش ئۇچۇن مىڭ تەڭگە.

بىر توپ چىرىك بىر كۈنى،
قوغلاپ كەلدى سادىرنى.
قورشىۋالدى تىرىكلەر،
تۇتۇش ئۇچۇن باتۇرنى.

سادىر پالۋان ئوق ئېتىپ،
خىتايىنى يەر چىشلەتتى.
قايمۇقتۇرۇپ دۈشمەننى،
ئاجايىپ پەم ئىشلەتتى.

جۇۋىسىنى سېلىپ ئۇ،
يۆگەپ قويدى بىر تاشقا.

غالجىرلاشقان چىرىكلەر،
ئېتتۇۋەردى شۇ ياققا.

سادىر مۆكۈپ بىر چەتكە،
دۈشمەن كەلسە ئىچكىرلەپ.
دومۇلاتتى ئۇلارنى،
ئالدىرىماي بىر - بىرلەپ.

بۇ زەربىدىن دۈشمەنلەر،
تىرە - پىرەڭ بولۇشتى.
تۇتالماستىن سادىرنى،
كۆزىگە قان تولۇشتى.

ئۇ دۈشمەنلەر كۆزىگە،
تىكەن بولۇپ قادالدى.
ئۇنىڭ ئىسمى ئېلىدا،
سادىر پالۋان ئاتالدى.

سادىر پالۋان بەك چاققان،
قېچىپ كەتتى چوڭ تاغقا.
مەسخىرە قىپ دۈشمەننى،
قاتتى مۇنداق قوشاققا.

«قوغلاپ چىققان چىرىكنىڭ،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چىرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سادىر پالۋان يامۇلغا،
ئون ئۈچ قېتىم سولاندى.
قېچىپ كەتكەچ ھەر قېتىم،
بالا ۋاقىسى بولاندى.

## پالۋان كەلدى

زالىم خىتاي ئەمەلدار،
بۇيرۇق ئالدى چوڭىدىن.
ئېلىپ چىقتى سادىرنىڭ،
ئايالىنى يامۇلدىن.

قورقۇتماق بوپ خەلقنى،
چوڭ مەيدانغا توپلىدى.
قۇرۇپ سوراق مۇنبىرى،
پەرمانىنى توۋلىدى.

خىتاي مۇشلاپ ئۇستەلنى،
جىددى سوراق باشلاندى.
بىگۇناھ بۇ ئايالغا،
چىل بۆرىدەك تاشلاندى.

- سادىر دېگەن گەدەنكەش،
نەگە قاچتى ئېيتىپ بەر.
ئۆلتۈرىمىز بولمىسا،
نەگە مۆكتى تېپىپ بەر!

تۇردى ئايال مەردانە،
جاۋاب بەرمەي سوئالغا.
خەلق ئالدىدا خىتايلار،
چۈشتى ئوسال ئەھۋالغا.

ئۆلتۈرۈڭلار! - دېدى ئۇ،
دەھشەت سىلىپ ۋارقىراپ.
ئۇنىڭ قانخور كۆزلىرى،
كەتتى بىردىن پارقىراپ.

توختا! - دېدى تۇيۇقسىز،
توپ ئىچىدە بىر ئادەم.
كەلدى ئۇنىڭ ئالدىغا،
تاشلاپ دادىل چوڭ قەدەم.

ئۇنىڭ قارا ساقىلى،
چۈشكەن ئىدى كۆكسىگە،
قاڭشالىرى ياراشقان،
قامەتلىك زور بەستىگە.

توۋلىدى ئۇ زالىمغا،
گۇناھسىز بۇ ئايال - دەپ.
تۇتۇپ كەلدىم سادىرنى،
مىڭ تەڭگەڭنى ئەكەل، - دەپ.

خىتاي راسا ھەيران بوپ،
يوغان ئاچتى كۆزىنى.

چوڭ ساقاللىق ئۇ كىشى،
تونۇشتۇردى ئۆزىنى.

ساقىلىنى يۇلۇپ ئۇ،
ئاتتى خىتاي ئالدىغا.
زالىم تونۇپ سادىرنى،
مۆكتى دەرھال دالدىغا.

خىتاي قاراپ سادىرغا،
ئىشەنمىدى كۆزىگە.
قورققىنىدىن چەكچىيىپ،
كېلەلمىدى ئۆزىگە.

سادىر كەلدى! دېگەن سۆز،
جاراڭلىدى ھەر ياندا.
قورقۇپ كەتكە چېرىكلەر،
قاچتى ئۇيان - بۇيانغا.

چۇقان سالدى چېرىكلەر،
سادىر كەلدى دېيىشىپ.
ئاتلىرىنى تاپالماي،
بىر - بىرىگە مىنىشىپ.

قول كۆتۈردى نەچچىسى،
دادۇ - پەريات سېلىشىپ.
جاھىل باشلىق جان بەردى،
نەق مەيداندا ئېلىشىپ.

## باياندايدىكى قانلىق جەڭ

ياشلار ئىزدەپ سادىرنى،
تاغقا قاراپ يول ئالدى.
چىدىماستىن زۇلۇمغا،
خەلق تامام قوزغالدى.

ياشلار گويا كەلكۈندەك،
بېسىپ كىردى بازارغا.
چېرىكلەرنىڭ ئۆيىنى،
ئايلاندۇردى مازارغا.

ھەربىي باشلىق، ئەمەلدار،
زالىم خىتاي، چېرىكلەر.
مۆكتى سېپىل ئىچىگە،
چىڭ تاقالدى ئىشىكلەر.

بەكمۇ ئېگىز چىڭ ئىدى،
باياندايىنىڭ سېپىلى.
خەلق ئاڭا كىرىشنىڭ،
تاپالمىدى ئېپىنى.

سادىر چىقتى شۇ پەيتتە،
كولاپ سېپىل تەكتىنى.
كۆمۈپ تالاي دورىنى،
تۇتاشتۇردى پىلتىنى.

گۈمبۈر! قىلدى بىردىنلا،
ئۈچۈپ چۈشتى پوتەيلەر.
پالتا تەككەن كۆتمەكتەك،
چاچراپ كەتتى كۆسەيلەر.

ئاسمان پەلەك ئۆرلىدى،
جوزىدىكى موتەيلەر.
خۇددى ئەخلەت ـ چاۋادەك،
كۆككە چىقتى سوخەيلەر.

پاتپاراق بوپ قېچىشنى،
يامۇلدىكى دوتەيلەر.
كۆيۈپ كەتتى كۈل بولۇپ،
بۇلاپ كەلگەن گوكەيلەر.

قول كۆتۈردى چىرىكلەر،
دادۇ ـ پەريات سېلىشىپ.
باشلىرىنى چاڭگاللاپ،
كاللىسىدىن ئېلىشىپ.

دىر ـ دىر تىترەپ باشلىقى،
بىر قوشۇق قان تىلىدى.
پۇتلىرىغا باش ئۇرۇپ،
تاپىنىنى سىلىدى.

ئالۋاستىدەك چۇگۇلدى،
ئۇنىڭ ئۆرۈم چاچلىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياغدى بوران يامغۇرەك،
غەزەپ - نەپرەت تاشلىرى.

شىددەت بىلەن قوزغالدى،
ئىلىخونىڭ ياشلىرى.
قانلار ئاقتى دەريادەك،
لەيلەپ چىرىك باشلىرى.

جاھىل خىتاي ئىلىشىپ،
ئۆلۈمگە تەن بەردى.
پۇت - قولىنى كۆتۈرۈپ،
نەق مەيداندا جان بەردى.

ئازادلىقتىن ھەممە خەلق،
خوشاللاندى دىلىدىن.
رەھمەت ئېيتتى سادىرغا،
خەلقلەر چىن قەلبىدىن.

سادىر پالۋان قوشىقى،
ھەممە ئەلگە تارالدى.
كۈرەشچان بۇ خەلقتىن،
شۇنداق باتۇر يارالدى.

## لۈتپۇللانى ئەسلەيمىز

تۇرغۇن ئاكام ئەسلىدە،
لۈتپۇللانىڭ دوستى ئىكەن.
ئاشۇ ھەقتە بەك قىزىق،
ھېكايىگە ئۇستىكەن.

دەپ ئاڭلىشىپ باللار،
شۇيان قاراپ يۈگرەشتى.
سالام بېرىپ ئۇنىڭغا،
ئاندىن تىنچلىق سوراشتى.

چۇقۇرۇشۇپ باللار،
ئەتراپىغا ئولاشتى.
چىڭ ئېسىلىپ پېشىغا،
ئەركىلىشىپ ئويناشتى.

ھەممە تەرەپ - تەرەپتىن،
سوئال تاشلاپ كولاشتى.
بىر دەمدىلا شۈك بولۇپ،
تۇرغۇنكامغا قاراشتى.

تۇرغۇن ئاكا چىچىنى،
سلاپ قويۇپ سىپايە،

سۆزلەپ بەردى ئۇلارغا،
بەك تەسىرلىك ھېكايە:

«ئۇ چاغ ئەتراپ جاھالەت،
كۈندۈز گويا تۈن ئىدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ، يوقسۇلنىڭ،
يۈرەك باغرى خۇن ئىدى.

شۇ زۇلمەتلىك نىلقىدا،
كىچىك لۇتپۇن تۇغۇلدى.
زېرەك، چاققان، قورقماس بوپ،
ساغلام بەدەن چوڭ بولدى.

لۇتپۇن ئۆسۈپ ئەمگەكتە،
بولدى باتۇر، مەردانە.
بىلىم ئېلىش ئىشقىدا،
بولدى گويا پەرۋانە.

تەشنالىقى قانمىدى،
كۆلچەكلەردىن سۇ ئىچىپ.
ئۇرۇمچىگە ئاتلاندى،
قانچە داۋان، تاغ ئېشىپ.

كۆكۈل قويۇپ ئوقۇپ ئۇ،
قەلبى تولدى بىلىمگە.
ئازادلىقچۇن دەيتتى ئۇ،
تۆھپە قوشسام ئېلىمگە.

ئاشتى ئۈنىڭ قەلبىدە،
مۇھەببىتى ۋەتەنگە.
لاۋۇلدىدى نەپرىتى،
گۈلخان بولۇپ دۈشمەنگە.

يازاتتى ئۇ توختىماي،
شېئىر، داستان، دراما.
ئوقار ئىدى ياقتۇرۇپ،
چىن قەلبىدىن كەڭ ئاما.

رەسسام ئىدى مۇتەللىپ،
دائىم رەسىم سىزاتتى.
كونىلىققا قەلەمدە،
چوڭقۇر گۆرلەر قازاتتى.

ئۆسمۈرلەرگە ئۇ دائىم،
ئۇستاز ئىدى كۆيۈمچان.
ئۆگىتەتتى ناخشا - ساز،
باللارغا ھەر قاچان.

ئويغاتتى ئۇ خەلقنى،
جەڭدە قىزىل توغ بولۇپ.
ۋەتەن دېسە يۈرىكى،
ياندى گويا چوغ بولۇپ.

دۈشمەن كۆرۈپ بۇ ھالنى،
شائىرنى «مىق» بىلىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇمچىدىن ئاقسۇغا،
ئۇنى سۈرگۈن قىلىشتى.

شائىر لۇتۇن ئاقسۇدا،
يۇلتۇز ئوخشاش پارلىدى.
ئۇ يەردىمۇ دۈشمەنلەر،
ئەل سۆيگەننى خارلىدى.

شائىر قۇرۇپ تەشكىلات،
ئۇيۇشتۇردى ئاممىنى.
قوراللاندى پالۋانلار،
ئەلگە ئاتاپ ھەممىنى.

قوزغىلاڭنىڭ ھارپىسى،
سەزدى دۈشمەن بۇ ئىشنى.
مەرتلەر تۇتقۇن قىلىنغاچ،
ئاقتۇردى ئەل يېشىنى.

لۇتۇن دۈشمەن ئالدىدا،
كېچە - كۈندۈز سوراقتا.
ئۇرۇش - قىيناش، ئالداشقا،
باش ئەگمىدى سولاقتا.

غالجىرلاشقان ئىتلاردەك،
دۈشمەن ئۆلۈم ئالدىدا.
لۇتپۇللانىڭ تېنىنى،
پارچە قىلدى جادۇدا...

جاراڭلىدى تۇرمىدە،
ياڭراق ھۆرلۈك ساداسى.
ئازادلىققا تەلپۈنگەن،
مەزلۇملارنىڭ ئاۋازى.

باتۇر لۇتۇن مەرتلەرچە،
جۇدا بولدى تېنىدىن.
ئەزىز كۆرگەچ ۋەتەنىنىڭ،
مەنپەئەتىنى جېنىدىن.

قىساس ئوچۇن قوزغىلىپ،
تۇشمۇ - تۇشتىن باتۇر ئەل.
ھۇجۇم قىلدى دۇشمەنگە،
بولۇپ گويا كەلكۈن، سەل.

لۇتپۇللانىڭ ئارزۇسى،
قالدى بىزگە ئامانەت.
كۇرەش بىلەن كېلىدۇ.
تاڭلا بەخت - سائادەت.

كىچىك دوستلار ئېيتىڭلار،
كىم دۇشمەن، كىم قەھرىمان.
خەلقى ئالەم ئالدىدا،
ھەق ۋە ناھەق بەك ئايان.

بۇگۈن قەبرە ئالدىدا،
لۇتپۇللانى ئەسلەيمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۆلمەس روھىغا،
مەدھىيەلەر ئوقۇيمىز.

تۇرغۇن ئاكام شۇنداق دەپ،
ھېكايىنى توختەتتى.
ئوقۇپ بەردى ئۇلارغا،
«بىزنىڭ كىچىك مەمەت»نى.

تەسىرلەنگەن باللار،
تۇرغۇنكامغا قاراشتى.
باتۇر لۇتۇن ئوبرازى،
قەلبلەرگە ئورناشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## رىزۋانگۈلنىڭ پىدكارلىقى

### مۇقەددىمە

يېشىل بوستان غولجىدا،
گۈل ئېچىلغان گۈزەل چاغ.
تولدى ماتەم ئىلكىگە،
ئالمىزارلىق ھەرىمباغ.

ھەيۋەتلىك بىر قەبرىگە،
گۈلچەمبىرەك قويۇلغان.
ئالتۇن ھەلدە بۈيۈك نام،
نەقىش قىلىپ ئويۇلغان.

ياش بوغۇنلار قەبرىگە،
كەلدى ئېلىپ گۈلدەستە.
بىر بوۋاينى چۆرىدەپ،
ئولتۇرۇشتى ھەۋەستە.

ئاپئاق چاچلىق بوۋاينىڭ،
تۇرقى مەغرۇر، سىپايە.
سۆزلىدى ئۇ ئۆتمۈشتىن،
ئېچىنىشلىق ھېكايە.

# ئىنتىقام

زۇلۇم سۇرگەن بىر زامان،
ھۆسەيىنىيە مەكتەپتە.
تالاي مىسكىن ئوغۇل - قىز،
ئوقار ئىدى ھەسرەتتە.

چېچەن، ئۆتكۈر رىزۋانگۈل،
بەك تىرىشچان قىز ئىدى.
قەيسەر، قەتئىي ھەم تىتىك،
ھەممە ئىشتا تېز ئىدى.

رىزۋانگۈل ھەم دوستلىرى،
چىقتى بىر كۈن سەيلىگە،
قۇچىغىنى توشقۇزدى،
خۇش پۇراق گۈل لەيلىگە.

ئۈچ مەست چىرىك ئورماندا،
كىردى قىزلار كەينىگە.
تەڭ كەلمەستى ھېچنېمە،
ئاچ بۆرىدەك پەيلىگە.

غالجىرلىشىپ چىرىكلەر،
ئورمانلىقنى بىر ئالدى.
خۇددى توخۇ تۇتقاندەك،
ھەممە قىزغا چاڭ سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يول قويمىدى ئۇ قىزلار،
چىرىكلەرنىڭ مەيلىگە.
سالدى رىزۋان شاپىلاق،
بىر چىرىكنىڭ يۈزىگە.

شاراقلىتىپ ملتىقنى،
ئۇ مەست خىتاي ئېتىلدى.
چىقتى شۇندا بىر پاي ئوق،
خەلچە بوۋى يىقىلدى.

قىزلار قاتىل چىرىككە،
غەزەپ بىلەن ئېسىلدى.
چىرىكلەرنىڭ غەۋغاسى،
بىردەملىككە بېسىلدى.

ئورمانچى ھەم چوپانلار،
يېتىپ كەلدى شۇ پەيتتە.
چىرىكلەردىن ئۈچ ئالدى،
كۆچلۈك غەزەپ - نەپرەتتە.

ئۇر - ئۇر بىلەن ئۈچ چىرىك،
جەھەننەمگە يول ئالدى.
رىزۋانگۈلنىڭ قەلبىگە،
بىر ئىنتىقام ئورنالدى.

## ئۇستاز سۆزى

شۇ كۈنلەردە چېكىگە،
يەتكەن ئىدى ئاسارەت.

ئاچتى خەلق كۆزىنى،
زۇلۇم، تۇرمە، ھاقارەت.

مەكتەپلەردە ئۇستازلار،
سۆزلەر ئىدى مەنىلىك،
ھەربىر سۆزى دۈشمەنگە،
قارشى چوڭقۇر تەنىلىك.

سۆزلەر ئۇلار زۇلمەتلىك،
ۋەزىيەتتىن شىكايەت.
بىرەر قىزلار كۆڭلىگە،
تاڭ ۋەسلىدىن بىشارەت:

«غالجىرلىشىپ ئەمدى جان
تالاشماقتا دۈشمەنلەر.
يات ئارىدا گۇم بولار،
خەلقىمىزگە ئۆچمەنلەر.

مىھنەتكەشلەر غەزىپى،
گويا يانغىن يانار تاغ.
دۈشمەن چوقۇم كۇل بولار،
ئەل يارتىلىغان ئاشۇ چاغ.

ئەرك گۈدۈكى ياڭرايدۇ،
نوياىىردا ئىلىدا.
تەييارلانسۇن ھەممە ئەل،
ساقلاپ بۇنى دىلىدا.»

تەسرلەندى ھەممە قىز،
ئاڭلاپ ئۇستاز سۆزىنى.
ھاياجاندا رىزۋانگۇل،
ئاچتى ئەقىل كۆزىنى.

**ھەمشىرە**

نويابىردا ئابرالدىن،
كەلدى ئەرك كەلگۈنى،
ھەر تەرەپكە تۇتاشتى،
غەزەپ - نەپرەت يالقۇنى.

كېلىپ ئابرال لەرزىگە،
پارتلىدى زور بىر ۋولقان.
كۆتۈرۈلدى پەلەككە:
«قانغا - قان ھەم جانغا - جان!»

پارتىزانلار بەكمۇ تېز،
ئىگەللىدى تۈرمىنى.
ئوغاق، بولقا، توقماقتا،
ئازاد قىلدى نىلقىنى.

غېنى باتۇر غۇلجىغا،
شىددەت بىلەن ئاتلاندى.
پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ،
كوچا جېڭى باشلاندى.

پاچاقلاندى كوٴمپەيكوٴم ،
توٴرمە بىلەن باش ساقچى .
تىكشۋەتتى قوٴيرۇقنى ،
چىرىك ئەسكەر ، پايلاقچى .

كوٴك كوٴۋرۇكتە جەڭچىلەر ،
جىددى رەتكە سىلىندى .
ھەمشىرە بوپ ئالتە دوست ،
تىزىملىككە ئىلىندى .

ھەربىي كيىم ياراشتى ،
رىزۋانگوٴلنىڭ بەستىگە .
تەلپوٴنەتتى يوٴرىكى ،
ئازادلىقنىڭ ۋەسلىگە .

يەلكىسىدە سومكىسى ،
ئوڭ قولىدا ناسولكا .
جەڭگە كىردى رىزۋانگوٴل ،
باشلانغاندا ئاتاكا .

## قانلىق جەڭ

يانىۋاردا ئاپپاق قار ،
ياغدى تىنماي ئاسماندىن .
سوغۇق ، نەشتەر شۋىرغان ،
ھۇۋلار ئىدى ھەرياندىن .

www.uyghurkitap.com

جان تالاشقان دۈشمەنلەر،
شىتابىغا مۆكۈشتى.
ياساپ قاتتىق ئىستىھكام،
ئوق يامغۇرى تۆكۈشتى.

ھۇجۇم قىلدى جەڭچىلەر،
ھەرەمباغنىڭ غەربىدىن.
ئىلگىرىلىدى قار كېچىپ،
شاھاجىمنىڭ بېغىدىن.

رىزۋانگۈلمۇ ئوت ئاچتى،
ئۆتۈپ زۇمچەك قەبرىدىن.
غالجىرلاشتى دۈشمەنلەر،
كۆتۈلمىگەن زەربىدىن.

گىرانات، ئوق ئاق قارنى،
ئۇچۇراتتى توختىماي.
پىلموتى دۈشمەننىڭ،
يىغلار ئىدى ھېچ تىنماي.

ئىككى جەڭچى ئوق تىگىپ،
چۈشتى قارغا يىقىلىپ.
رىزۋانگۈلمۇ ئۇچقاندەك،
كەلدى تېزدىن ئېتىلىپ.

قۇتقازدى ئۇ جەڭچىنى،
مۈشكۈل جاپانى يېڭىپ.

ئاققان قاننى توختاتتى،
يارىسىنى چىلىڭ تېڭىپ.

شۇم ئوق تەگدى تۈيۈقسىز،
كوماندىرنىڭ بېشىغا.
رىزۋان ئۇنى ئەپكەلدى،
چولاق تامنىڭ قېشىغا.

يۆگىدى ئۇ ئاۋايلاپ،
كوماندىرنىڭ بېشىنى.
ساقلاپ قالدى خەتەردىن،
ئۇنىڭ ئەزىز جېنىنى.

گۈلدۈرلىدى گىرانات،
چوڭ ئاتاكا باشلاندى.
پارتلاپ دۈشمەن ئاكوبى،
ھەممە ئالغا ئاتلاندى.

دەل شۇ پەيتتە بىر جەڭچى،
يەنە قارغا يىقىلدى.
رىزۋانگۈل شۇ تەرەپكە،
چاقماق كەبى ئېتىلدى.

ئاھ! شۇم ئەجەل - قارا ئوق،
تەگدى ئۇنىڭ بېشىغا.
رىزۋانگۈلمۇ يىقىلدى،
ياردار يىگىت قېشىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ تال - تال چاچلىرى،
قىزىل قانغا بويالدى.
چىشلىرى چىڭ كىرىشىپ،
كۆزى مەھكەم يۇمۇلدى.

ئاھ رىزۋانگۈل ھەمشىرە،
ئاچ كۆزلۈكنى قەھرىمان.
لېكىن سادا چىقمىدى،
يالتىرايتتى قىزىل قان.

قانلىق جەڭدە رىزۋانگۈل،
تۆكتى ئىسسىق قېنىنى.
ۋەتەن ئۈچۈن مەرتلەرچە،
پىدا قىلدى جېنىنى.

شۇنداق قىلىپ رىزۋانگۈل،
بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلدى.
ھەمشىرە ھەم جەڭچىلەر،
قاناتىدىن قايرىلدى.

ئىنتىقام! دەپ جەڭچىلەر،
جەڭگە ئاتتى ئۆزىنى.
ئازاد بولدى دۈشمەندىن،
ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى.

**خاتىمە**

تارام - تارام ياش ئاقتى،
ياش ئۆسمۈرلەر كۆزىدىن.

ئالدى چوڭقۇر تەربىيە،
ئۇ بوۋاينىڭ سۆزىدىن.

ھەممە بىردەك قەبرىگە،
ھۆرمەت بىلەن قاراشتى.
ئۇ پارتىزان - بوۋايغا،
قىزىل گۈللەر تاقاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شىخودىكى يېتىم قىز

(شىخودىكى جەڭدىن خاتىرە)

ئىس تۈتەك ئىچىدە قالدى پۈتۈن ئەل،
قانچىلاپ شەھەرلەر كۆيمەكتە ئوتتا.
دولقۇنلار چاچرىتىپ مەرتلىك ھەرياندا،
سۇ ئەمەس، قىپقىزىل قانلار ئاقماقتا.

شىخونىڭ بازىرى گويا خارابە،
گۆرلۈككە ئوخشايدۇ سۈرلۈك كېچىدە.
بىر جەسەت يېنىدا يالغۇز يېتىم قىز،
دات - پەريات ئۇرىدۇ ھەسرەت ئىچىدە:

«جان ئانا، مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانا،
ئاچقىنا كۆزۈڭنى يەنە بىر قېتىم.
مېھرىڭدە قانغۇدەك ھۇزۇرلانمىدىم،
قالدىممۇ مەن ئەمدى بولۇپ بىر يېتىم.

ئاھ ئانا، جان ئانا، جانىجان ئانا،
مەن يېتىم قىزىڭغا ئەمدى كىم پانا.
ئېيتقىنا، جان ئانا، ماڭا ئېيتقىنا،
دادام‌لار شەھەرگە كېلەمدۇ يانا؟!»

قىزچاقنىڭ ئېسىدىن چىقماس ئانىنىڭ،
«ياتلارغا ئېيتمىغىن سىرنى» دېگىنى.
«داداڭمۇ كېلىدۇ يېقىن ئارىدا،
قۇتقۇزۇۋالىدۇ بىزنى» دېگىنى.

قىزچاقنىڭ دادىسى پارتىزان بولۇپ،
ئالدىنقى كۈنىلا كەتكەنتى تاغقا.
قالغانتى شۇ چاغدا ئانا ھەم قىزچاق،
كۆزنگە ياش ئېلىپ، قاراپ شۇ ياققا.

چاقىندى چاراسلاپ شەھەر كۆكىدە،
جاھاننى تەۋرىتىپ دەھشەتلىك چىقىن.
يامرىدى دەرياننىڭ كەلكۈن سۈيىدەك،
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك ئېقىن.

ئەتىسى دۈشمەنلەر كەلدى باستۇرۇپ،
تاراسلاپ يامغۇردەك ئوقلار ئېتىلدى.
گۈلدۈرلەپ ئەتراپقا چۈشتى بومبىلار،
قىرىلدى ئادەملەر، ئۆيلەر يىقىلدى.

شەھەرنى ھەرياقتىن قورشاپ دۈشمەنلەر،
ساق قالغان خەلقنى يىغدى مەيدانغا.
تۇتماق بوپ قوزغالغان ئەزىمەتلەرنى،
جار سالدى خائىنلار چېپىپ ھەريانغا.

مەيداننىڭ تۆرىدە بايراق خادىسى،
كۆك بايراق لەپىلدەپ نۇر چاچار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاقنىغان ئايىۋۇلتۇز پۈتۈن خەلقنى،
كۆرەشكە يېتەكلەپ يول ئاچار ئىدى.

بىر خائىن يامىشىپ چىقتى خادىغا،
تۆۋەنگە تاشلىدى ئاشۇ بايراقنى.
قادىدى تەسلىكتە ئۆزىنىڭ ئورنىغا،
يات بايراق ئېسىلغان ئەسكى تاياقنى.

بىتاقەت بوۋايلار، مىسكىن مومايلار،
يەردىكى بايراقنى ئالدى يوشۇرۇپ.
دۈشمەنلەر چىدىماي پىلىموت ئاتتى،
كۆپ ئادەم يىقىلدى قانغا بويىلىپ.

قىزچاقنىڭ دادىسى ئاسقان بايراقنى،
ئانىسى قوينىغا يوشۇردى دەرھال.
دۈشمەنلەر ھەرقانچە غالجىرلىشىپمۇ،
بايراقنى تاپالماي تىترەيتتى غال - غال.

ھېلىقى خائىنلار كەلدى ئارىلاپ،
ئانىنىڭ چېچىدىن تارتىپ سۆرىدى.
تەرجىمان ئىشلىتىپ خىتاي ئەمەلدار،
ئۇنىڭدىن ۋارقىراپ سوراق سورىدى:

چاپسان ئېيت، يولدىشىڭ كەتتى قاياققا؟
بىلمەيمەن!
شەھەردە يوشۇرۇن كىمنى قالدۇردى؟
بىلمەيمەن!

قەيەرگە يوقالدى ھېلىقى بايراق؟
بىلمەيمەن!
ئاتىمەن ئېيتمىساڭ، جاۋاب بەر پاتراق!
بىلمەيمەن!

دۈشمەنلەر ھىلە قىپ، ئالدىماق بولۇپ،
خەلقتىن تېگىشلىك دەككىسىن يېدى.
ئەمەلدار ئامالسىز شىلتىپ قولىنى،
خائىنغا ئۆزىچە بىر نېمە دېدى.

بەتلەندى تاپانچا خائىن قولىدا،
ئېتىلدى ئەجەللىك بىر ئوق ئانىغا.
بويالدى ۋەتەننىڭ بۈيۈك بايرىقى،
قەھرىمان ئانىنىڭ ئىسسىق قېنىغا.

«يوقالسۇن زۇلۇم!» دەپ ئانا يىقىلدى،
ئامىنە ئۈستىگە ئاتتى ئۆزىنى.
ئاڭلىدى ئانىنىڭ كۆكسىنى تۇتۇپ،
باياتىن شىۋىرلاپ ئېيتقان سۆزىنى.

تۇيۇقسىز پىلىموت ئېتىلدى يەنە،
بىگۇناھ خەلقلەر قىرغىن قىلىندى.
ئانا دەپ ۋارقىراپ ئامىنە دەرھال،
قىزىل قان ئىچىدە يەرگە يىقىلدى.

تولدۇرۇپ مەيداننى قانغا ـ جەسەتكە،
كېتىشتى دۈشمەنلەر كوچا ئارىلاپ.

چۆللەردە ئاچ قالغان چىلبۆرىلەردەك،
بۆلاشقا كىرىشتى ئىشىك ئارىلاپ.

ئامىنە بىر چاغدا كېلىپ ھوشىغا،
ئانا دەپ ئورنىدىن تۇردى چاچراپ.
يىغلىدى، زارلىدى، قايغۇ ئەلەمدە،
ئانىسى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ.

بىر مەھەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى قىز،
پارتىزان دادىسى ئېسىگە كېلىپ.
ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ئاتلاندى ئالغا،
ئانىسى قوينىدىن بايراقنى ئېلىپ.

قىزچاقنىڭ يۈرىكى گويا چوغ بولۇپ،
كۆزىدىن چاقنىدى غەزەپ ئۇچقۇنى.
ئانىنىڭ قاتىلى ۋەھشى دۈشمەنگە،
قەلبىدىن ئۇرغۇدى نەپرەت يالقۇنى.

تۈن كېچە قاراڭغۇ، جىمجىتلىق ئىدى،
قىزچاقتا ئۇيقۇمۇ بولمىدى نىسىپ.
يۈگۈردى ئامىنە، شەھەر سىرتىغا،
يۈگۈردى بايراقنى باغرىغا بېسىپ.

قىز كەلدى بىر چاغدا دۈشمەن سېپىگە،
كۆرۈندى رەتمۇ ـ رەت تانكا، زەمبىرەك.
ساناشقا باشلىدى ئىچىدە ئۈنى،
پارتىزان ئەترەتكە ئېيتىشقا تېزرەك.

تېز دەيتتى كوچىلار ھەمدە دەرەخلەر،
تېز دەيتتى ئۆرۈلگەن ئۆي ۋە بىنالار.
تېز دەيتتى مەيداندا ياتقان شېھىتلەر،
تېز دەيتتى يەردىكى قىپقىزىل قانلار.

زەمبىرەك، تانكىنىڭ، ماشىنىلارنىڭ،
پوتەيىنىڭ، ئەسكەرنىڭ سانى ئېلىندى.
ئاتاكا باشلىنىپ ئۇنىڭ ئويىدا،
دۈشمەنلەر ھەممىسى تارمار قىلىندى.

ئۆتتى ئۇ باتۇرلۇق، چەبدەسلىك بىلەن،
قاراۋۇل پونكىتى، ئاكوپ يېنىدىن.
قويىندا بايراقنى، ئەستە ساناقنى،
ئارتۇقراق كۆرەتتى ئەزىز جېنىدىن.

جىرادىن دومىلاپ تۆۋەن چۈشتى ئۇ،
ۋە يەنە ئۆرلىدى ئۈستىگە قاراپ.
تەر بىلەن بەدىنى سۇ بوپ كەتسىمۇ،
ياماشتى تىك تاغقا جاپاغا چىداپ.

چىققاندا ئامىنە تاغنىڭ ئۈستىگە،
كۆرۈندى نۇر چېچىپ سۈبھى تاڭ قۇياش.
كۆرۈندى سانسىز تاغ چوققىلىرىدا،
ئايىيۇلتۇز بايراقلار جەۋلان قىپ تۇتاش.

ئامىنە بايراقنى يايدى ئاسمانغا،
كۆك بايراق شامالدا يەلپۈنەر ئىدى.

يېتىم قىز تۇگىمەس ھاياجان بىلەن،
يىراققا - تۇغلارغا تەلپۈنەر ئىدى.

جىسەكچى پارتىزان كۆردى دۇربۇندا،
قىزچاقنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى.
فىرونتنىڭ ئالدىدا ئېگىز چوققىدا،
يېگى بىر ئىستىھكام قۇرغانلىقىنى.

پارتىزان يۈگۈردى قىزچاققا قاراپ،
قىزچاقمۇ يۈگۈردى ئاكا ئالدىراپ.
توندى ئامنە ئۆز دادىسىنى،
بويىنغا ئېسىلدى مەھكەم قۇچاقلاپ.

«دۈشمەنلەر ئانامنى...» دېدى ئامنە،
قويندىن بايراقنى چىقاردى بەك تېز.
كۆرسىتىپ تۇمانلىق شەھەر تەرەپنى،
سۆزلەلمەي ھوشىدىن كەتتى تۇيۇقسىز.

بېشى قان، قولى قان، بايرىقىمۇ قان،
قىزنى كۆتۈرۈپ تۇرار پارتىزان.
چاقنايدۇ كۆزىدىن قىساس غەزىپى،
لاۋۇلدار قەلبىدە قانلىق ئىنتىقام.

سىزىلمەس ئۇنىڭغا ئەمدى يېتىملىك،
باشلىغاچ ئۆمرىدە يېگى بىر قەدەم.
ئېسىگە چۈشكەندە باتۇر ئانىسى،
نارسىدە قەلبىگە تولاتتى ئەلەم.

قولىدا ئاپتومات جەڭچى ئۇ بۈگۈن،
جىسەكتە تۇرماقتا ھوشيارلىق بىلەن.
ئۆگەتتى ئۇنىڭغا قەھرىمان قوشۇن،
ئىنقىلاب قىلىشنى تۇتقۇزۇپ قەلەم.

ئامىنە ئەپكەلگەن سانلىق مەلۇمات،
شىتابقا شۇ كۈنى قىلىندى خەۋەر.
تۈيۈقسىز زەربىگە پىلان تۈزۈلۈپ،
ئىنتىقام ـ قىساسىغا باغلاندى كەمەر.

شۇ كېچە ئامىنە تۇراتتى پوستا،
كۆرۈندى يىراقتىن ئادەم قارىسى.
مۆكۈپ ئۇ دالدىغا چەبدەسلىك بىلەن،
كۆزەتتى، يېقىنلاپ قالدى ئارىسى.

ـ توختا! ـ دەپ ئورنىدىن چاچراپ چىقتى ئۇ،
بىردىنلا جايىدا قالدى تۇرۇپلا.
كەلگەن ئۇ كىشىنىڭ ئىللىق چېھرىگە،
بىر يەردە كۆرگەندەك سەپ سالدى تازا.

ئەخمەتجان تاغا! ـ دەپ ئېتىلىپ ئۇ قىز،
باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى ئېسىلىپ.
ئەخمەتجان ئۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ،
پارتىزان بولۇپسىز،ـ دېدى، ـ يېتىلىپ.

ھاياجان ئىلكىدە ئۇ قىز شاتلىنىپ،
سۆيۈندى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي كۆزىنى.

www.uyghurkitap.com

ئانىسى ھەققىدە، شەھىرى ھەققىدە،
سۆزلىدى بىر - بىرلەپ يۈرەك سۆزىنى.

پارتىزان تاغلار كەلدى يۈگۈرۈپ،
بەختلىك مىنۇتقا تەڭلا ئۈلگۈرۈپ.
ئەخمەتجان بىر - بىرلەپ سورىدى ئەھۋال،
ھەممىگە يېقىملىق كۈلۈپ، كۆيۈنۈپ.

چاقنايتتى نۇرانە كۆزىدىن چاقماق،
ئەخمەتجان تەبەسسۇم بىلەن باققاندا.
ھەممىنى كۈلدۈرۈپ قىلاتتى چاقچاق،
قىزچاقنىڭ دادىسى - ئۆز سەپدىشىغا:

- قىزىڭىز يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىپ،
توسىدى ئالدىمنى تونۇشتۇرۇش دەپ.
ھەممىمىز ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئالايلى،
توسۇلۇپ قالمىسۇن پۈتۈن قوشۇن كەپ.

قاقاھلاپ كۈلۈشتى ھەممە پارتىزان،
قوشۇنمۇ سوزۇلۇپ كېلىشتى شۇئان.
ئارمىيە، خەلقىنىڭ شاتلىق ساداسى،
ياڭرىدى پەلەككە بولۇپ زور ۋولقان.

تەقەززار ئىلكىدە تاڭمۇ سوزۇلۇپ،
رازۋېتچىك جەڭچىلەر بەردى سىگنال.
ئاتلاندى قىسىملار شىخوغا قاراپ،
دۇربۇندا قارايتتى ئىمىنوپ گېنېرال.

قىزچاقنىڭ كۆزەتكەن توپچىلىرىغا،
توختىماي گۈلدۈرلەپ توپلار ئېتىلدى.
دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىنىپ،
تۈش - تۈشتىن جاراڭلىق كاناي چېلىندى.

رازۋېتچىك ئەترەتكە كونا پارتىزان،
قىزچاقنىڭ دادىسى يولباشچى بولغان.
خەتەرلىك پەيتتە ئۇ بەختكە قارشى،
ئاكوپنى پارتلىتىپ پىدا قىلدى جان!

تۇيۇقسىز زەربىدىن، قاتتىق ھۇجۇمدىن،
تىترىشىپ دۈشمەنلەر تاپتى نەق زاۋال.
قېچىشتى ئالدىراپ ماناسقا قاراپ،
قىسىملار ئالدىغا ئاتلاندى دەرھال.

جەڭچىلەر تاغ ئېشىپ، جىرا ئارىلاپ،
تېزلىكتە يول ئالدى تاغلارغا قاراپ.
قوشۇنغا ئەگىشىپ قايغۇغا چۆكۈپ،
كېلەتتى ئامىنە ئاتلىق خىيالچان.

ئۇلتۇرار يېتىم قىز ئاتىنىڭ ئۈستىدە،
كېلەتتى ئەخمەتجان جۇلۇۋۇر يېتىلەپ.
نان بېرىپ سۇ بېرىپ كۆيۈمچان ئاتا،
قارىدى ئۇنىڭغا كۈندۈز - كېچىلەپ.

ئۆتتى كۈن، ئۆتتى ئاي، ئۆتۈشتى يىللار،
ئۆرۈلدى زەربىدىن نۇرغۇن سېپىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەڭگىۋار قوشۇندا قانلىق ئۇرۇشتا،
چېنىقتى، كۈرەشتى سانسىز يېتىملار.

ئىنقىلاب، جەڭلەردە - ئائىلىسىدە،
يېتىم قىز جەڭچى بوپ ئۆسۈپ يېتىلدى.
ئازادلىق يولىدا، ھۆرلۈك جېڭىدە،
چوڭ بولۇپ ئىز بېسىپ سەپكە قېتىلدى.

شىخولۇق يېتىم قىز تۇرار كۆز تىكىپ،
مىلتىقى قولىدا قىيا ئۈستىدە.
ئەكس ئېتەر خەلقنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ،
كۈرەشچان خىسلىتى ئۇنىڭ بەستىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غۇنچىلار ئارزۇسى

## (بالىلار شېئىرلىرى)

# دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى

بىر كۈن جىمجىت كېچىدە،
ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە.
سۆھبەت بوپتۇ ئۆز ئارا،
دەپتەرلەرنىڭ ئىچىدە.

بۇ دەپتەرلەر ئەڭ كۆركەم،
بىر دەپتەرنى ماختاپتۇ.
ھەممە بىردەك ئۇنىڭدىن،
شۇنداق سوئال سوراپتۇ.

سۆزلەپ بەرگىن دوستىمىز،
سەندە بەك زور ئۆزگىرىش.
ناچار ئىدىڭ ئىلگىرى،
تاپتىڭ قانداق يۈكسىلىش؟

شۇندا كۆركەم بۇ دەپتەر،
ئۆز سۆزىنى باشلاپتۇ.
ئەسلەپ ئۆزۈن ئۆتمۈشنى،
كۆزلىرىنى ياشلاپتۇ:

بۇرۇن ئىگەم سەمەتجان،
بەكمۇ بەڭباش شوخ ئىدى.

ياخشى ئوقۇش - ئۆگىنىش،
مەقسىتىمۇ يوق ئىدى.

تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي،
باشقىلاردىن كۆچۈرۈپ.
يۈزلىرىمنى بۇيايتتى،
قالايمىقان ئۆچۈرۈپ.

يازار ئىدى ئېگىز - پەس،
قۇرلىرىمغا قارىماي.
ۋارىقىمنى يىرتاتتى،
ئۆزىگىمۇ يارىماي.

ئەتىگەندە سىنىپتا،
قوشۇلاتتىم بۇ سەپكە.
لېكىن چىقىپ قالاتتىم،
ئىشخانىدا بىر چەتكە.

خاتا جايىنى تۈزىتىپ،
زېرىكمىدى مۇئەللىم.
كۈندە سۆزلەپ سەمەتكە،
تېرىكمىدى مۇئەللىم.

تەنقىد بېرىپ ھەمىشە،
قايتۇرۇلسام ئۇنىڭغا.
پەرۋا قىلماي سەمەتجان،
كېتەر ئىدى ئويۇنغا.

قاراڭ بۈگۈن خەتلىرىم،
شۇنچە رەڭلىك يېزىلغان.
ھەر بېتىمدە يۈز نومۇر،
مەرۋايىتتەك تىزىلغان.

ئىگەم سەمەت ئۆزگىرىپ،
بەڭباشلىقنى تاشلىدى.
ئاق قەغەزدە سىرتىمنى،
بىر چىرايلىق تاشلىدى.

ئىشخانىغا شۇڭلاشقا،
كۈندە خۇشال كىرىمەن.
رازى بولغاچ مۇئەللىم،
شادلىنىمەن، كۈلىمەن.

سۆزلەپ كېلىپ ئۇ دەپتەر،
ئاچتى يېڭى بېتىنى.
ئوقۇپ بەردى ئۇلارغا،
سەمەتجاننىڭ خېتىنى:

تىكلىدىم زور ئىرادە،
دائىم ياخشى ئوقۇشقا.
ئالغا ئۆرلەپ كۈنسېرى،
باتۇر ئەۋلاد بولۇشقا.

ئاڭلاپ بۇنى دەپتەرلەر،
سەمەتجاننى ماختاشتى.

دەپتىرىنىڭ كۆكسىگە،
قىزىل گۈللەر تاقاشتى.

## سۇ بىلەن سۆھبەت

كىچىككىنە خالمۇرات،
قايتىپ ئېرىق بويىدىن.
ياساپ قەغەز پاراخوت،
يۈگۈرۈپ چىقتى ئۆيىدىن.

ئاقار ئىدى ئېرىقتا،
ئوقچۇپ كۆپكۆك سۈزۈك سۇ.
پاراخوتنى ئاۋايلاپ،
سۇ ئۈستىگە سالدى ئۇ.

ئاقاتتى سۇ بەكمۇ تېز،
شىلدىر - شىلدىر كۈلۈشۈپ.
چاچار ئىدى ئۈنچىلەر،
چاۋاك چېلىپ ئوينىشىپ.

غايىپ بولدى پاراخوت،
تېزلا ئۇنىڭ كۆزىدىن.
ھېچبىر پەيدا بولمىدى،
«توختا» دېگەن سۆزىدىن.

قوغلاپ چارچاپ خالمۇرات،
بولدى بەكمۇ خىجالەت.

تۇسۇپ سۇنى تاش بىلەن،
قىلدى شۇنداق مۇراجەت:

ئۇقچۇپ، ئۇقچۇپ دولقۇنلاپ،
يىراقلارغا چاپىسەن.
ئېيتقىن ماڭا ئالدىراپ،
قاياقلارغا قاچىسەن.

شوخ سەكرىشىپ سۈزۈك سۇ،
جاۋاب بەردى سوئالغا.
كۈلۈمسىرەپ مۇراتقا،
كەلدى بىردىن زوۋانغا:

كىچىك دوستۇم ئاڭلىغىن،
مەن ھەردائىم ئالدىراش.
بۇنداق جىددىي پەيتلەردە،
ماڭا ئۇيات گاڭگىراش.

ئاقار ئىدىم مەن بۇرۇن،
يۈگەنسىز ھەر تەرەپكە.
ھازىر دېھقان ئاكىلار،
سالدى تازا تەرتىپكە.

كۆتەر مېنى ئېتىزدا،
سانسىز يۇمران مايسىلار.
ئالما، ئانار، ئۆرۈكلەر،
مېۋىسى مول مايسىلار.

قاتار - قاتار كۆچەتلەر،
ماڭا قاراپ تەلپۈنەر.
تەشنالىقتا ھەممىسى،
«چاپسان كەل» دەپ تەلمۈرەر.

ئالدىرايمەن شۇڭا مەن،
بولسۇن شۇلار سالامەت.
ئىچسۇن مېنى قانغۇچە،
ھوسۇل بەرسۇن كارامەت.

تەسىرلەندى خالمۇرات،
ئاڭلاپ ياڭراق جاۋابنى.
شۇنداق دېدى شادلىقتا،
ئېچىۋېتىپ توساقنى.

مەقسىتىڭگە يەت چوقۇم،
چاپسان ئاققىن، خۇش بولغىن.
ئەلگە تۆھپە قوشۇشتا،
مېنىڭ بىلەن دوست بولغىن.

مەنمۇ چوڭ بوپ ئىلىم - پەن،
دەرياسىدا ئاقىمەن.
تەشنا دىلنى قاندۇرۇپ،
ئەل كۆڭلىگە ياقىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپ
www.uyghurkitap.com

## دەل - دەرەخلەر سۆھبىتى

تۇپتۇز يولنىڭ ئىككى چېتىدە،
دەل ـ دەرەخلەر دولقۇنلىناتتى.
سالام بېرىپ يوغان تېرەككە،
ياش كۆچەتلەر سوئال سورايتتى:

سالام بوۋا ئېيتىڭچۇ بىزگە،
بۇيىل قانچە سىزنىڭ يېشىڭىز؟
شۇنچە ئېگىز ساغلام تۇرۇپسىز،
قانداق بولغان كەچۇرمىشىڭىز؟

بىزنى تىككەن كىچىك ئۆسمۇرلەر،
سىزنى كۆرۈپ كۇلۇپ كېتىشتى.
بىلەلمىدۇق بۇنىڭ سىرىنى،
سىزنى سىلاپ سۆيۇپ كېتىشتى؟

سۆزلەپ كەلسەم ئۇزۇن ئۆتمۇشنى،
سازلىق ئىدى بۇ يەر ئەسلىدە.
مەن تىكىلدىم دوستلىرىم بىلەن،
قۇياش كۇلگەن باھار پەسلىدە.

بىزنى تىكتى ئاتا ـ بوۋىلار،
بۇ سازلىققا ئۇتتۇز يىل بۇرۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇندىن كېيىن سازلىق ئۆزگىرىپ،
گۈلىستانغا بوشاتتى ئورۇن.

ئاتىلارنىڭ باسقان ئىزىدىن،
مۇشۇ بەخت يولى ئېچىلدى.
يېشىللىققا چۆمۈلدى ئەتراپ،
قۇياش نۇرى تەكشى چېچىلدى.

بىراق بۇندىن بۇرۇن بىر مەھەل،
بىزگە ھېچكىم سۇ بەرمىدى.
شۇڭلاشقىمۇ شاخ - يوپۇرماقلار،
قۇرۇپ كېتىپ قانات كەرمىدى.

كۆكەرتىشنىڭ زىيانداشلىرى،
كېرەك ئەمەس دەل - دەرەخ دېدى.
تىرىلىشنىڭ مايسىلىرى دەپ،
بىزنى بۇزۇپ قۇرتتەك يېدى.

شۇ كۈنلەردە ئىككى ياش ئۆسمۈر،
چىقتى ماڭا ئاستا ئۆمىلەپ.
شاخلىرىمنى قايرىپ سۇندۇرۇپ،
بىرسى يەرگە چۈشتى دومىلاپ.

ۋايجانلاپ ئۇ يىغلىدى بىردەم،
ئاغرىپ كەتكەن قولىنى سىلاپ.
ماڭا قاراپ ئالىيىپ قويۇپ،
كەتكەن ئىدى يولىغا قاراپ.

سىلەر كەلگەن كۈنى ئۈسمۈرلەر،
مېنى دەرھال تونۇپ ئېلىشتى.
بۇرۇن قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن،
مەندىن ئەپۇ سوراپ كېتىشتى.

ئاگلاپ بۇنى كىچىك كۆچەتلەر،
شىلدىرلىتىپ چاۋاك چېلىشتى.
گۈلباھاردا تۇغۇلغىنىغا،
چىن قەلبىدىن خۇشال بولۇشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يالقۇننىڭ كىتابلىرى

ئەسلەپ يالقۇن كىتابتىن ئالغان،
چوڭقۇر بىلىم، ساۋاقلىرىنى.
دوستلىرىغا كۆرسەتمەك بولۇپ،
ئالدى نۇرغۇن كىتابلىرىنى.

كىتابلارنى كۆرۈپ بەس ـ بەستە،
ماختاپ كەتتى دوستلار يالقۇننى.
كىتابلارمۇ تەسىرلىنىشتى،
ئاڭلاپ خۇشال كۈلكە ـ شاۋقۇننى.

ۋەكىل بولۇپ بىر نەچچە كىتاب،
سەپ ئالدىغا چىقتى تىزىلىپ.
سۆزلىمەكچى بولۇشتى ئۇلار،
ھېكمەتتىدىن مىساللار ئېلىپ.

كىتابلارنىڭ سۆزىنى دوستلار،
ئاڭلىدى خوپ غەنىمەت بىلىپ.
تەرتىپ بىلەن بىر نەچچە كىتاب،
سۆز باشلىدى زۇۋانغا كېلىپ:

ئىسمىم مەشھۇر ماتېماتىكا،
پەنلەر ئارا نامىم پادىشاھ.

مېنىڭدىكى داغلىق تۆت ئەمەل،
نەگە بارسا شۇنداق يارىشار.

ئېگىز پەللەم گولباغ قىياسى،
چىقتى ئاڭا ئىنسانلار بوگۈن.
بارىكاللاھ ئېيتتى يەر - جاھان،
ئۇنىڭ قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن.

دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنىڭ،
ھېسابىنى ئۈستۈمگە ئالدىم.
ھېسابلاشتا ئېلېكترونلۇق -
ماشىنامنى ھەرىكەتكە سالدىم.

ئۆگەنسەڭلار مېنى بېرىلىپ،
بارچە مۈشكۈل بولىدۇ ئاسان.
تېخنىكىدا ھەر بىر يېڭىلىق،
يارىتىلغان مېنىڭسىز قاچان؟

مېنى خەقلەر فىزىكا دەيدۇ،
كەلدىم ئەلگە ئۆزۈمنى ئاتاپ.
مەندىكى ھەر قانۇنىيەتتىن،
چىقىدۇ كۆپ كەشپىيات - ئىجاد.

ئايروپىلان ھەمدە راكېتا،
مېنىڭ بىلەن ئۇچىدۇ كۆكتە.
يەردە پويىز، ماشىنىلارمۇ،
مەن بىلەنلا كېلەر ھەرىكەتكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خاسىيەتلىك مېنىڭ سىرلىرىم،
ئۆگىنىڭلار باغلاپ ئىجتىھاد.
ئېنېرگىيە تەتقىقاتىدىن،
ئەمگەك كۈچى بولىدۇ ئازاد!

بىلىمەيدىغان كىشى يوق مېنى،
ئېتىم مېنىڭ مەشھۇر خىمىيە.
ھاجىتىڭنى قىلىمەن ئادا،
نېمە ئىشلەت، مەيلى نېمە يە.

ئائىلە چوڭ، جەمەتىمىز كۆپ،
يۈزدىن ئوشۇق ئوغۇل - قىزلىرىم.
مەۋجۇت ئەمەس ئۇلارسىز ئەسلا،
بۇ دۇنيادا ھېچقانداق جىسىم.

چەكسىز قۇۋۋەت مېنىڭ ئىچىمدە،
پارتلار ۋولقان زەررە ئوراندىن.
ساقىيىدۇ خىلمۇ خىل كېسەل،
شىپا تېپىپ مېنىڭ دورامدىن.

يوشۇرۇنغان بايلىقلىرىمنى،
ئاتىدىم مەن ئىنسانىيەتكە.
ئۆگىنىڭلار پايدىلىنىشنى،
زور ئىشتىياق باغلاپ يۈرەككە.

مېنىڭ ئىسمىم تىل - ئەدەبىيات،
ئۇلۇغ تارىخ شەرەپ - شانىمەن.

كەل بولمايمەن ئادەم بار يەردە،
كۆڭۈللەرنىڭ تەرجىمانىمەن.

ھەممە ئىشنى قىلىمەن ئىزھار،
ئىپادىلەپ يېزىقىم بىلەن.
ئىلىم - ھېكمەت خەزىنىسىنىڭ،
ئېسىل ئالتۇن ئاچقۇچىمەن.

ئۆگىنىڭلار مېنى مۇكەممەل،
سۆزلەپ، يېزىپ، تەھلىل قىلىڭلار.
مەنىسىنى چۈشىنىسىلەر،
ھەممە پەنگە تەتبىق قىلىڭلار.

.............

يەنە شۇنداق بىر نەچچە كىتاب،
كۆپ مەنىلىك نوتۇق سۆزلىدى.
ھەممىسىلا ئاشۇ دوستلارغا،
ئىلىم - پەندىن ئۇتۇق كۆزلىدى.

كىتابلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
تەسىرلەندى يالقۇن ۋە دوستلار.
ھاياجاندىن ئاقتى مەڭزىدىن،
مۇنچاق - مۇنچاق ئىسسىق كۆز ياشلار.

دېدى ئۇلار ھاياجان بىلەن،
كىتابلارغا زوق بىلەن قاراپ:
ئۆگىنىمىز يېڭىپ جاپانى،
زېھنىمىزنى بىلىمگە ئاتاپ.

چوققىلارغا ئۆرلەيمىز هامان،
بىز سىلەرگە ئەگىشىپ يېقىن.
ئانا ۋەتەننى گۈللەندۈرىمىز،
ئىلىم - پەندە بولۇپ زور ئۇيقىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەركىننىڭ ئەرشكە چىقشى

(باللادا)

كىچىك ئەركىنجان،
بەكمۇ نۇمۇسچان.
لېكىن دەرسلەردە،
ئەمەس تىرىشچان.
خۇش ياقماس ئاڭا،
دەرس، تاپشۇرۇق.
شۇڭا بەزىدە،
سىنىپتا ئۇ يوق.
بىر كۉنى ئەركىن،
سىنىپتىن قېچىپ،
مۆكۉندى دەرھال،
چوڭ باغقا قېچىپ.
چۆمدى ئۇ بىردىن،
چوڭقۇر خىيالغا.
ئۇيچان كۆزىنى،
تىكىپ ئاسمانغا.
ئېگىز راكىتا،
تۇرار مەيداندا.
بېرىلدى بىردىن،
جىددىي كوماندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچقۇچى ئەركىن،
كىيىندى رەتلىك.
كۆككە ئۇچۇشقا،
راستلاندى ئەپلىك.
«بىر، ئىككى، ئۈچ!»
چېلىندى سىگنال.
راكېتا كۆككە،
ئۆرلىدى دەرھال.
ئەركىن ئولتۇرار،
سىرتىنى ماراپ.
ئۇچتى بىردەمدە،
يۇلتۇز ئارىلاپ.
ئېغىرلىقنى،
يوقىتىپ بىردەم.
ئەركىن لەيلەشكە،
باشلىدى تېزدىن.
بىلەلمەستىن ئۇ،
سەۋەبىنى ھېچ.
تىت - تىت بولاتتى،
تۇرالماستىن تىنچ.
كانايدىن شۇندا،
ياڭرىدى سادا:
«بېسىلسۇن دەرھال،
ئىككى كۇنۇپكا!»
قېنى «ئا، ئە، ب»،
قېنى «پ، ت، ج»؟
ئەركىن بىلمەيتتى،

قايسى «د، چ، خ».
شۇڭا ھودۇقۇپ،
ئايلاندى ھەريان.
بېرىلدى بۇيرۇق،
كانايدىن شۇ ئان:
«قالدى راكېتا،
ئايغا يېقىنلاپ.
تاپ، تېز، چاتاقنى،
دەرھال ئىنقىلاپ!»
ئەركىن تەۋەككۇل،
يۇمۇپ كۆزىنى.
باستى خالىغان،
بىر كۇنۇپكىنى.
راكېتا شۇ ئان،
بۇرۇلۇپ تەستە.
شۇڭغىدى بىردىن،
غۇڭۇلداپ پەسكە.
«نېمە ئىش بۇ، ئەركىن؟
ر، ژ، ز نى باس.
قىلغان ئىشلىرىڭ،
ئەخمەقلەرگە خاس!»
ئەركىن تەمتىرەپ،
تىترەيتتى غال - غال.
خەتنى ئۇقۇشقا،
ئىزدەيتتى ئامال.
ئاخىرى يەنە،
تەۋەككۇل قىلدى.

باسقان ئورنىدىن،
ئىشىك ئېچىلدى.
ئىشىكتىن ئۆزى،
چۈشتى دومىلاپ.
شوڭغىدى شۇ ئان،
تۆۋەنگە قاراپ.
«چولتۇك» قىلدى ئۇ،
دېڭىزغا چۆكتى.
تۇنجى نادامەت -
يېشىنى تۆكتى.
كەلدى ئالدىغا،
شالىنى چېچىپ.
لەھەڭ ئاغزىنى،
كويىقاپتەك ئېچىپ.
«ۋايجان» دېدى - دە،
ئەركىن ئويغاندى.
كۆرگەن چۈشىنى،
ئۇزۇن ئويلاندى.
«ئۇچقۇچى بولۇپ،
ئايغا چىقىشقا،
بىلىم كېرەككەن،
ھەرقانداق ئىشقا.
بەلنى باغلايمەن،
ياخشى ئوقۇشقا.
بىلىم ئىگەللەپ،
كۆككە ئۇچۇشقا.»



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# يېڭى يىل كېچىسى

يېتىپ كەلدى يېڭى يىل،
زور خۇشاللىق ئېچىدە.
كۆلدى شادلىق ئىلكىدە،
مەكتەپ زالى كېچىدە.

يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ،
كىيىپ يېڭى كىيىملەر.
ئۇتتۇقلارنى تەرىپلەپ،
ئېيتتۇق ناخشا - بېيىتلار.

مەردان چىقتى سەھنىگە،
ياساپ ئاپئاق ساقاللار.
قوشاق بىلەن شۇ بوۋاي،
بەردى نۇرغۇن سوئاللار.

كىچىك دوستلار كېلىڭلار،
مېنىڭ ئىسمىم كونا يىل.
خوشلىشايلى بىز بۈگۈن،
ئەتە كېلەر يېڭى يىل.

قېنى ماڭا ئەكەلگەن،
يېڭى يىللىق سوۋغاڭلار.

كۆرسىتىڭلار بىرمۇ بىر،
رازى بولسۇن بوۋىڭلار.

بەردۇق شۇنداق ھەۋەستە،
قىش بوۋايغا گۈل دەستە.
سوۋغىمىزنى ھەممىمىز،
سۆزلەپ بەردۇق بەس - بەستە.

ئاڭلاڭ بوۋا، سوۋغىمىز،
سۆزلىگەنگە تۈگىمەس.
بۇ بىر يىلدا ئېرىشكەن،
نەتىجىمىز ئاز ئەمەس.

ئىشچان باغۋەن ئەجرىدە،
يورۇپ كەتتى قەلبىمىز.
يۇلتۇزلاردەك نۇرلاندى،
بىلىم ئېلىپ دىلىمىز.

زەپ مەنىلىك ئۆتكۈزدۇق،
شۇ بىر يىلدا ئۆمۈرنى.
دەپتەرلەرگە تىزدۇق بىز،
نۇرغۇن يۈزلەپ نومۇرنى.

ئەلا ئوقۇپ ساۋاقنى،
ئاشتى ئەقىل - ھوشىمىز.
يېشىمىزغا قوشۇلدى،
يېڭىدىن بىر يېشىمىز.

ئاڭلاپ بىزنىڭ سۆزلەرنى،
مەمنۇن بولدى قىش بوۋاي.
تەسىرلىنىپ ماختىدى،
ھاياجاننى باسالماي.

بارىكاللا بالىلىرىم،
يارايسىلەر ھەممىڭلار.
يېڭى يىلغا سوۋغا قىپ،
نېمە ئېلىپ كەلدىڭلار؟

ئاڭا دەرھال كۆرسەتتۇق،
قىزىل خەتلىك ئېلاننى.
ئۆگىنىشتە تۈزگەن،
يېڭى يىللىق پىلاننى.

ئىلىم - پەننى، ۋەتەننى،
مۇئەللىمنى سۆيىمىز.
ئىرادىمىز مۇستەھكەم،
ياڭرار زەپەر كۈيىمىز.

قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ،
ئىلگىرلەيمىز تىرىشىپ.
كەلتۈرىمىز شان - شەرەپ،
نەتىجىگە ئېرىشىپ.

ئاشۇ چاغدا قوڭغۇراق،
خەۋەر بەردى جىرىڭلاپ.

قىش بوۋايمۇ خوشلىشىپ،
كېتىپ قالدى ئالدىراپ.

ياڭراپ كەتتى سەھنىدە،
ناغرا، دومباق، سۇنايلار.
چۈشتى شۇندا ئۇسسۇلغا،
ئاپئاق كىچىك توشقانلار.

يېڭى يىلدا باللار،
ئويناپ كۈلۈپ يايرايمىز.
يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ ئىككى دوستۇم بار

مېنىڭ ئىككى دوستۇم بار،
بىر - بىرىدىن يېقىملىق.
ئۇلار بىلەن سىرداشىپ،
بولماقتىمەن ئەقىللىق.

ئۇنىڭ بىرى رادىئو،
بېرەر بىزگە ئاگىلىتىش.
دائىم ئاگلاپ تۇرىمەن،
تاپماقتىمەن يۈكسىلىش.

ئۇ بېرىدۇ كۆپ بىلىم،
بىلمىگەننى بىلدۈرۈپ.
ئاگلىتىدۇ ناخشىلار،
خۇشال قىلىپ كۈلدۈرۈپ.

ئۇستازلارنىڭ بالىلىق،
چاغلىرىنى سۆزلەر ئۇ.
بىزنى ئاشۇ ئىز بىلەن،
تەربىيەلەشنى كۆزلەر ئۇ.

ياخشى ئىش ۋە ئادەمنى،
تونۇشتۇرار ھەممىگە.

ئېسىل ئەخلاق سىڭدۈرگەن،
ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە.

يېتەكلەيدۇ ئۇ بىزنى،
ياخشى بالا بولۇشقا.
ياخشى ئوقۇپ ھەر كۈنى،
كۈچ - غەيرەتكە تولۇشقا.

يەنە بىرى دوستۇمنىڭ،
ئۆسمۈرلەرنىڭ گېزىتى.
بەكمۇ ئۈستۈن ئۈنۈمى،
دىلدا سۆيگۈ ئىززىتى.

تونۇشتۇرار ئۇ ماڭا،
گۈزەل ۋەتەن - ئېلىمنى.
ئۇ داۋاملىق ئۆگىتەر،
ھەرخىل پەننى بىلىمنى.

قىزىقارلىق شۇنچىمۇ،
شېئىر، چۆچەك، ھېكايە.
ئۇ تۇرمۇشتىن يېزىلغان،
يوق قىلچىمۇ كىنايە.

شۇڭلاشقىمۇ دوستۇمنى،
ياخشى ئاسراپ ساقلايمەن.
ئۇ كۆتكەن زور ئۈمىدنى،
ئىشەنچ بىلەن ئاقلايمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## نۇمۇس ئىشتۇر كېچىكىش

گۇلنار، ئەسقەر ساۋاقداش،
ئەمما ئىشى ئوخشىماس.
كېچىكىشى ئەسقەرنىڭ،
تەنقىد يېمەي توختىماس.

گۇلنار ئېچىپ كۆزىنى،
سەھەر يۇيار يۈزىنى.
ئوت يېقىپ، چاي قايىنىتىپ،
ئالدىرىتار ئۆزىنى.

سەھەر كېلىپ مەكتەپكە،
قاتنىشار ئۇ ھەرىكەتكە.
دەرستە ھەم ئەمگەكتە،
نەمۇنىچى بوپ ھەر سەپتە.

چۈشتە ئۇدۇل كېتەر ئۇ،
ئۆيگە تېز يېتەر ئۇ.
ئاپىسىغا قارىشىپ،
تاماقلارنى ئېتەر ئۇ.

تەنەپپۇستا دەم ئېلىپ،
كېچىكمەستىن كىرىدۇ.

ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي،
كىتابلارنى كۆردۇ.

بىراق ئەسقەر ساڭگىلاپ،
ئەتىگەندە گاڭگىراپ.
ئۇيقۇسىنى ئاچالماي،
چايمۇ ئىچمەس ئالدىراپ.

يول بويى بەك تېرىكىپ،
ئۆگىنىشتە زېرىكىپ.
كۈندە كىرەر سىنىپقا،
ئەڭ كەينىدە كېچىكىپ.

ئۇيان - بۇيان ھاڭۋېقىپ،
بىر كۆرگەنگە مىڭ بېقىپ،
يولدا ئۆتەر دەم ئېلىش،
ئاش يېمەستىن ئۇ پەش قېقىپ.

دەم ئېلىنسا نەچچە رەت،
كېچىكەر ئۇ ھەر نۆۋەت.
ئولتۇرغىچە ئورنىدا،
خەت يېزىلار ئىككى بەت.

تەنەپپۇستا تالادا،
يۈگۈرۈپ يۈرۈپ زاللادا،
ئۆتۈپ كېتەر ئون مىنۇت،
بەزەن قەستەن خالادا.

ئەسقەر شۇڭا دەرستە،
ئالار تۆۋەن نەتىجە.
كېلىپ - كېتىش جەھەتتە،
سىنىپتا ئەڭ كەينىدە.

نومۇس ئىشتۇر كىچىكىش،
ئىشىك ماراپ بېزىرىش.
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا،
تەنقىدلىنىپ قىزىرىش.

ئۆلگە قىلىپ گۈلنارنى،
دورىماڭلار ئەسقەرنى.
ئەستە مەھكەم تۇتۇڭلار،
مەن ئېيتقان بۇ گەپلەرنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خىجالەت

كۆردۈم بۈگۈن كوچىدا،
يىگىنچە بىر كەيپىيات.
تەسىر قىلغاچ قەلبىمگە،
يازدىم دەرھال تەسىرات.

يەكشەنبە كۈن ئۆيۈمدە،
ئىشتىن قېچىپ ئۇيىندىم.
كوچىلاردا كۈن بويى،
لاغايلىدىم، تويمىدىم.

ئېسىلماق بوپ كەينىگە،
ساقلاپ تۇرغان پەيتتە.
كېلىپ قالدى ئاپتوبۇس،
تۇيۇقسىزلا بېكەتكە.

ئاپتوبۇسقا چىقالماي،
سىلىق مۇزدا تېيىلىپ.
سومكا تۇتقان بىر موماي،
يەرگە چۈشتى يىقىلىپ.

يۈگۈرۈپ كەلدى يىراقتىن،
بىر قىز بالا ئالدىراپ.

قولتىقىدىن موماينىڭ،
يۆلىۋالدى ئاۋايلاپ.

ئېلىپ چىقىپ مومايىنى،
ئولتۇرغۇزدى ئورنىغا.
سەكرەپ چۈشۈپ تۆۋەنگە،
سالام بەردى ئۇنىڭغا.

خوشلىقىدىن ئۇ موماي،
لىڭشىتاتتى بېشىنى.
قورۇق باشقان يۈزىدە،
كۆردۇم رەھمەت يېشىنى.

شۇندا ئۇنى تونىدىم،
ساۋاقدىشىم گۈلخانكەن.
بىر كۈن دەرس تەييارلاپ،
ئۇ مەكتەپتىن يانغانكەن.

گۈلخان قىزنىڭ ئىشىنى،
سېلىشتۇردۇم ئۆزۈمگە.
ئىسسىققىنا ياش كەلدى،
خىجىللىقتا كۆزۈمگە.

«بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ،
بېرىلمەيمەن ئويۇنغا!»
دېگەن قاتتىق ئىرادە،
كەلدى بىردىن ئويۇمغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈلخان قىزنىڭ روھىدىن،
ئۆگىنىمەن تىرىشىپ.
ياخشى بالا بولىمەن،
نەتىجىگە ئېرىشىپ.

# قىش بوۋاينىڭ جاۋابى

بەگباش ئەركىن ھارپا كۆنى،
مەكتىپگە بارمىدى.
قار دۆۋىلەپ ھويلىدا،
ئادەم ياساپ ئوينىدى.

چىقاردى ئۇ قاش - كۆزنى،
كۆمۈر بىلەن بەك ئوڭاي.
گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىتتا،
پۈتتى يوغان قىش بوۋاي.

تۇتقۇزۇپ ئۇ بوۋايغا،
سۈپۈرگىنىڭ سېپىنى.
سوراپ قالدى ئەيمىنىپ،
كۆڭلىدىكى گېپىنى:

-ئېيتقىنە ئەي قىش بوۋاي،
كۆنۈم نېچۈن كۆڭۈلسىز؟
ئۆگىنىشىم ھەرقاچان،
نېمە ئۆچۈن ئۆنۈمسىز؟

ئىمتىھاندا ھەر قېتىم،
تۆۋەن نومۇر ئالىمەن.

www.uyghurkitap.com

تىرىشسامۇ شۈنچىلىك،
يەنە كېيىن قالىمەن.

كۈلۈپ بىردىن قاقاقلاپ،
كەلدى بوۋاي زۇۋانغا.
سىلاپ ئۈنىڭ بېشىنى،
جاۋاب بەردى سوئالغا.

ئوغلۇم ئەمدى ئوقۇشقا،
چىڭ باغلاپسەن بېلىڭنى.
ئويلاپ كۆرگىن ياخشىراق،
ئۆتۈپ كەتكەن يىلىڭنى.

ئۆگەنمەستىن بېرىلىپ،
سەن ئوينىدىڭ مەكتەپتە.
تەقەززا بوپ كۈتتۈڭكى،
يەكشەنبىنى ھەر ھەپتە.

ئايلار ئۆتتى شۇ ھالدا،
سەن سېغىنىپ تەتىلنى.
زايە قىلدىڭ بىكارغا،
كەلگەن ھەربىر پەسلنى.

كۆپ بارمىدىڭ مەكتەپكە،
ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ.
بارغاندىمۇ لاغايلاپ،
كەلدىڭ دائىم كېچىكىپ.

بىلسەڭ ۋاقىت بەك قىممەت،
ئۆگىنىشنىڭ پۇرسىتى.
قايتىپ كەلمەس زادىلا،
ئۆتكەن كۈننىڭ نۆۋىتى.

بوشقا ئۆتسە بۇ ۋاقىت،
پۇشايمانغا قالىسەن.
تىرىشمىساڭ بىلىمدىن،
قانداق ئۇنۇم ئالىسەن.

قالغان ئىشقا قار ياغار،
چىڭ تۇتمىساڭ ۋاقىتنى.
ئوقۇ تىرىش بېرىلىپ،
بوش ئۆتكۈزمەي مىنۇتنى.

ئۆتۈپ كەتكەن يىلىڭنى،
تازا ئوبدان ساۋاق قىل.
غەلىبە بىلەن باشلانسۇن،
ئەمدى كەلگەن يېڭى يىل.

ئاڭلاپ بۇنى ئەركىنجان،
بولدى بەكمۇ خىجالەت.
ۋۇجۇدىنى قاپلىدى،
يېڭىچە بىر جاسارەت.

تارقاتتى ئۇ بەكمۇ تېز،
كۆڭلىدىكى تۇماننى.

ئۆيگە، كىرىپ تۈزىدى،
يېڭى يىللىق پىلانىنى.

## ئىككى تال ئۆرۈك

تېرىدىم باغقا،
ئىككى تال ئۆرۈك.
ئۆنىمدى دەسلەپ،
يەر ئىكەن قۇرۇق.
كىچىك چېلەكتە،
سۇ قۇيدۇم كۈندە.
ئىككىسى تەڭلا،
كۆكلەپتۇ تۈندە.
بوي تارتتى خېلى،
ئۆنمەستە ئۆزۈن.
سۆزلىدى ئۇلار،
سوزۇشۇپ بويۇن:
«بوشاتقىن يەرنى،
ياخشى دوستىمىز.
كەتتى چىڭقىلىپ،
يىلتىز، پوستىمىز».
پەرۋىش قىلدىم،
دەرھال ئاتلىنىپ.
سۆزلىدى ئۇلار،
يەنە داتلىنىپ:
«تېرىغىن ئوغۇت،
بىزگە بەر ئوزۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شامال چىققاندا،
تىرىگىنى قوزغۇق.»
ئۆستى ئۇلار تېز،
ئايلارمۇ ئۆتۈپ.
شادلاندىم شۇنچە،
ئاۋايلاپ كۈتۈپ.
ئايىندى غولى،
بىلەكتەك سېمىز.
ئۇستى بويىمۇ،
مەندىن كۆپ ئېگىز.
ئېچىلدى ئايدەك،
يۇملاق بىر گۈل.
دېدىم ئۇلارغا:
«ماڭا قاراپ كۈل».
ئىككىسى تەڭلا،
بويۇن تولغىدى.
يۈرىكىمنى بىر،
ئاچچىق چۇلغىدى.
يالۋۇرسام شۇنچە،
پېشىنى قاقتى.
مېنى مەڭستمەي،
قۇياشقا باقتى.
دېدى: «ئەمدى كەت،
ھاجەت بولدى ھەل.
قۇياشتىن بىزگە،
ھارارەتمۇ تەل.
ئۇينايمەن دېسەڭ،

كۆز كەلگەندە كەل.
ئاشۇ چاغ ساڭا،
بىز ئېگىمىز بەل».
ھەركۈنى كەلسەم،
يەنە شۇ ھالەت.
زېرىكتىم ئاخىر،
قىلالماي تاقەت.
يەنە ئاي ئۆتتى،
تۈگىدى تەتىل.
غازاڭلار چۈشۈپ،
ئالماشتى پەسىل.
كىردىم مەن باغقا،
دوستلارنى ئىزدەم.
ئۆسۈپتۇ ئۇلار،
تامدەك ئېگىزلەپ.
ئېگىشىپ ئۇلار،
بېشىنى يەرگە.
سۆزلىدى ماڭا،
چۆمۈلۈپ تەرگە:
«قېنى دوستىمىز،
مەرھەمەت قىلغىن.
ھەربىر ئۈرۈقنىڭ،
باغرىنى تىلغىن.
چىققىدۇ شۇندا،
مىزىلىك مېغىز.
ئەجىر مېۋىگە،
سەن تەگكىن ئېغىز.»

ھېسابسىز ئۈرۈق،
تولدى ئېتەككە.
شاتلىقىم سىغماي،
قالدى يۈرەككە.
ئەمگەك قىلغانغا،
بىر مىڭ بولاركەن.
شۇڭا ھوسۇلدىن،
ساڭ لىق تولاركەن.
شۇڭا مەن چوقۇم،
ئەمگەك سۆيىمەن.
مېھنەت ئىشقىدا،
چوغدەك كۆيىمەن.

# مايسا بىلەن قار

سەھەر تۇرۇپ ئورنىدىن،
ئەقىللىق قىز ئايسۇلتان.
ھەيران قالدى پۈركەنگەچ،
قېلىن قارغا كۆك بوستان.

بۈگۈن ئېتىز، قىرلارغا،
ئاپئاق داستىخان سېلىنغان.
كۆكتىن سانسىز كېپىنەك،
ئۇچۇپ چۈشۈپ يېيىلغان.

تۇتۇپ كۆردى ئايسۇلتان،
ئاپئاق قارنى قول بىلەن.
قاتتىق سوغدىن شۈركىنىپ،
تۇرۇپ قالدى ئوي بىلەن.

بېسىۋالسا قېلىن قار،
نەپىسى قىسىلامدۇ؟
قاتتىق سوغ - جۇدۇنلاردا،
مايسا ئۈششۈپ قالامدۇ؟

چىدالمايتتى ئايسۇلتان،
نابۇت بولسا زىرائەت.

باسالماستىن ئۆزىنى،
قىلدى قارغا مۇراجەت:

«دەرھال توختا ئاپئاق قار،
توڭۇپ كەتتى مايسىلار.
تەسىر يېتەر ھوسۇلغا،
كەلسە ئەگەر گۈل باھار.»

قار كېپىنەك لەپىلدەپ،
قانىتىنى ئويناتتى.
ئايسۇلتانغا سۆز باشلاپ،
كۆزلىرىنى چاقناتتى.

«مەن ئەسلىدە دەريادىن،
ئۇچۇپ كەتكەن پار بولۇپ.
كۆكتە يۇردۇم ئايلىنىپ،
كەڭ زېمىنغا زار بولۇپ.

ئىسسىق - سوغۇق ئىچىدە،
بەك قىسىلدىم خار بولۇپ.
ماڭا تەشنا زېمىنغا،
قايتىپ چۈشتۈم زار بولۇپ.

ئۇچۇپ يۇردۇم شامالدا،
ئېگىز گىمۇ، پەسكىمۇ.
سوراپ كۆرۈڭ مايسىدىن،
مەن ياخشىمۇ، ئەسكىمۇ؟»



www.uyghurkitap.com

ئاگلاپ بۇنى ئايسۇلتان،
دەرھال يەرگە ئىگىشتى.
سۇرۇپ تاشلاپ قارلارنى،
دوستى بىلەن كۆرۈشتى.

شۇندا يېشىل مايسىلار،
ئاستا - ئاستا مىدىرلاپ.
سوغ شامالدىن زارلىنىپ،
سۆزلەپ كەتتى شىۋىرلاپ:

«سېنىڭ بىلەن ئايسۇلتان،
كەچكۈزگىچە ئۇيىندۇق.
ئەمدى كۈتۈپ باھارنى،
راھەتلىنىپ ئۇخلىدۇق.

ئاپئاق قارلار قىش بويى،
بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز.
ئاچچىق سوغۇق كۈنلەردە،
يوتقان - كۆرپە پوستىمىز.

بىزنى ئاشۇ قېلىن قار،
قاتتىق سوغدىن ساقلايدۇ.
شۇڭلاشقىمۇ دوستلىرىم،
قىش پەسلىدىن قورقمايدۇ.

كۆكلەم پەسلى كەلسىلا،
ئۈزاپ جۇدۇن قىش بوۋاي.

تۈپىمىزگە سىڭدۇ،
ئېرىپ ئاق قار بولۇپ ماي.

چاپسان بولغىن جان دوستۇم،
ئۈستىمىزنى يېپىپ قوي.
ئاپئاق قارغا بىز ئۇچۇن،
كۆپرەك رەھمەت ئېيتىپ قوي.»

بەكمۇ ئېنىق چۈشىنىپ،
قارنىڭ ھېكمەت ـ سىرىنى.
يېپىپ قويدى ئايسۇلتان،
ئېچىۋەتكەن يېرىنى.

چەكسىز خۇشال بولۇپ ئۇ،
قاردىن ئەپۇ سورىدى.
ئاكا رەھمەت ياغدۇرۇپ،
ناخشا ـ قوشاق ئوقۇدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككى بېلەت

بۈگۈن ئالماس ئالدىراپ،
تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن.
كەچ بولغىچە كىتابنى،
چۈشۈرمىدى قولىدىن.

يۈگۈرۈپ كىردى پولاتجان،
تەڭلەپ ئىككى بېلەتنى.
«بۈگۈن بىزگە دەم ئېلىش،
تاشلا، دېدى، - كىتابنى.»

ئۇ بېلەتكە قارىماي،
جىددىي تۇتۇپ ئۆزىنى.
ئىككىلەنمەي سۆزلىدى،
يۈرەكتىكى سۆزىنى:

«دوستۇم پولات بىلەمسە،
بىزگە ئەتە ئىمتىھان.
ئالالمىساق يۇز نومۇر،
بولالامدۇق قەھرىمان؟!

ئىشچان باغۋەن مۇئەللىم،
پىداكار بىر روھ بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

بىزگە بىلىم ئۆگەتتى،
كۆڭۈل قويۇپ زوق بىلەن.

ئىمتىھاندىن ئۆتمىسەك،
قالىمىز بىر دالىدا.
بەكمۇ ئۇيات ئەمەسمۇ،
ئاتا - ئانا ئالدىدا؟!

كېتىپ قالساق كىنوغا،
يەكشەنبە دەپ ئالدىراپ،
ئولتۇرىمىز ئەتىلا،
باش تاتىلاپ، گاڭگىراپ.

دوستۇم پولات كىنوغا،
ھەر ئىككىمىز بارمايلى.
بوش ئۆتكۈزمەي ۋاقىتنى،
كىتابتىن نەپ ئالايلى.»

ئاڭلاپ بۇنى پولاتجان،
قايىل بولدى بەكمۇ تېز.
دەرسلەرنى بىرلىكتە،
تەييارلىدى ئىزمۇ - ئىز.

پۇختا بولدى تەييارلىق،
ۋاقىتنى چىڭ تۇتقاچقا.
خۇشال بولدى ئىككىسى،
چەكسىز ئىشەنچ تولغاچقا.

## پەرھات

ئەقىللىق پەرھات،
مەكتەپتىن يېنىپ،
كۆرسەتكۈچىنى
قولىغا ئېلىپ،
يول بويى يۈگرەپ
ناخشىلار ئېيتىپ،
خۇشال سۆزلىدى
ئۆيىگە كېلىپ:
«دادا، ئاپا مەن
ئەلا كۆچتۈم» دەپ
كىردى ئۆيىگە،
ئوقتەك ئېتىلىپ.
ئەلا دېگەن خەت
كۆرسەتكۈچىگە
كۆركەم يېزىلغان،
چىرايلىق قىلىپ
ھەر بىر دەرستىن
ئالغان يۈز نومۇر،
خۇددى مارجاندەك
تۇرار تىزىلىپ.
كۆيۈمچان ئانا
سۆيدى ئوغلىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى
www.uyghurkitap.com

مىننەتدار بولۇپ،
باغرىغا تېڭىپ:
«ئۆسكىن ئوغلۇم» دەپ
كۈلدى دادىسى،
نەتىجىلەرگە
تولۇق سەپسىلىپ:
- «تىرىشقىن يەنە
ئەلا ئوقۇغىن
ئىشچان باغۋەننىڭ
مېھرىگە قېنىپ.»
پەرھات سۆزلىدى
ئاتا - ئانىغا،
يۈرەك سۆزىنى
قەسەمياد قىلىپ:
«ئالىمەن بىلىم
ئۆرلەپ چوققىغا
بىلىم كۆكىدە
چوڭقۇر ئىزدىنىپ»
ھەممىسى بىردەك،
ماختاپ پەرھاتنى
زەپەر قۇچ - دېدى،
تەنتەنە قىلىپ.
ئەقىللىق پەرھات
ئەلا ئوقۇيدۇ،
كۈنسېرى ئۆرلەپ
ئالغا ئىنتىلىپ،
ئاتا - ئانىسىنى،

مۇئەللىمنى،
پۈتۈن ئېلىنى،
بىردەك خۇش قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دىلمۇراتنىڭ شاتلىقى

(باللادا)

مەكتەپ بېغى بېزەلگەن،
رەڭمۇ رەڭ گۈل ـ چېچەكتە.
ئېچىلماقتا چوڭ يىغىن،
ئىلھام قوزغاپ يۈرەكتە.

ئۆسمۈرلەرنىڭ دىققىتى،
مەركەزلەشكەن سەھنىگە.
شۇ سەھنىدە بىر ئۆسمۈر،
سۆزلىمەكتە ھەممىگە.

ئۇنىڭ ئىسمى دىلمۇرات،
بۇ يىل يېشى ئون بىردە.
قەلبىدىكى خۇشاللىق،
ئەكس ئېتەر چېھرىدە.

ئولتۇراتتى تۆۋەندە،
مۇئەللىمى گۈلباھار.
جۇش ئۇراتتى قەلبىدە،
زور ھاياجان ئىپتىخار.

ئۆتەر ئۆتمۈش لېنتىدەك،
مۇئەللىمنىڭ ئالدىدىن،
ئاڭلىماقتا ھەممىنى،
دىلمۇراتنىڭ ئاغزىدىن.

* * *

بەش يىل بۇرۇن دىلمۇرات،
بوغچا ئېسىپ بويىنغا.
ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى ئۇ،
گۈزەل مەكتەپ قوينىغا.

بىر يىلدىلا مۇراتنىڭ،
ئۆتكۈرلۈكى سېزىلدى.
كۆرسەتكۈچكە شۇ يىلى،
ئەلاچى دەپ يېزىلدى.

ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەستىن،
مۇرات بىردىن بۇزۇلدى.
مەغرۇرلىنىپ ئوقۇشتىن،
رىشتى تامام ئۈزۈلدى.

زىيان سالدى بەڭباشلىق،
ياش - ئۆسمۈرنىڭ قەلبىگە.
ياخشى بالا دىلمۇرات،
«بالا» بولدى ھەممىگە.

ئۇ مەكتەپكە ھەمىشە،
كەلدى ۋاقچە كېچىكىپ.

تەنقىدلىسە مۇئەللىم،
غودۇڭشىدى تېرىكىپ.

دەپتىرىنىڭ تېشى يوق،
كىتابىنىڭ بېشى يوق.
ئويۇن دېسە يۈگۈردى،
ئوقۇش بىلەن ئىشى يوق.

بۈگۈن كىيگەن چاپىنىنىڭ،
ئەتىسى يوق تۈگمىسى.
قالمىدى ئۇ چىقمىغان،
قوشنىلارنىڭ ئۆگزىسى.

كىيىملىرى يىرتىلغان،
يانچۇقىدا ئوشۇقى.
ھەممە ئىشقا تەڭ شېرىك،
ئەگەشتۈرگەن كۈچۈكى.

باشقۇرالماي ئاپىسى،
بەڭباش ئەركە بالىنى.
گۈلباھارغا ئېيتتى كۆپ،
ھەسرىتىنى، ھالىنى.

مۇئەللىمى زېرىكمەي،
دائىم سۆزلەر ئۇنىڭغا.
بىراق بەڭباش دىلمۇرات،
پەرۋا قىلماس بۇنىڭغا.

بىر كۈنى ئۇ سىنىپقا ،
ئېلىپ كىردى توپىنى .
تەپتى ئۇنى ئېگىز - پەس ،
كۆرسەتمەك بوپ كۈچىنى .

ئوقتەك ئۇچۇپ يۈرگەن توپ ،
ئۆرۈۋەتتى ۋازىنى .
مۇرات يەنە تەپكەندە ،
يارىدار قىلدى روزىنى .

جاراڭ قىلدى تۇيۇقسىز ،
ئىككى ئەينەك چېقىلدى .
چاچراپ چىققان ئەينەكتىن ،
يەنە بىر قىز يىقىلدى .

تىت - تىت بولدى باللار ،
دىلمۇراتنى تۇسالماي .
ئالدى ئۇنى ئارىغا ،
ئاچچىقىنى باسالماي .

شۇ ئەسنادا سىنىپقا ،
يېتىپ كەلدى مۇئەللىم .
خەۋەر تېپىپ ئەھۋالدىن ،
شۇنداق دېدى مۇئەللىم :

«دىلمۇرات بۇ نېمە ئىش ،
ئويلا ھەربىر سۆزۈڭنى .

ئىنتىزامنى بۇزسەن،
تەكشۈرگىن سەن ئۆزۈڭنى.»

مۇرات شۇندا چەكچىيىپ،
توپنى ئالدى ئالدىراپ.
ئەيمەنمەي گەپ ياندۇردى،
مۇئەللىمگە ۋارقىراپ.

«زادى مەنلا ئەسكىمۇ،
ھەممىڭ بوزەك ئېتىسەن،
ئوقۇمايمەن مەكتەپتە،
قېنى، قانداق قىلىسەن.»

سۆزلەپ بولۇپ دىلمۇرات،
چىقىپ كەتتى سىنىپتىن.
غەزەپلەندى باللار،
بۇ غەلىتە قىلىقتىن.

خۇشال بولدى نەچچىسى،
قۇتۇلغاچقا مۇراتتىن.
ئەمما باشقا بىر پىلان،
تۈزدى مۇئەللىم توساتتىن.

ئۆيىنىڭ ئىشى ئەسلىدە،
ئاپىسىغا قالغانتى.
بۇلتۇر كۈزدە دادىسى،
ئۆگىنىشكە ماڭغانتى.

يەكشەنبە كۈن ئەتىگەن،
ئېنىق بولدى ھەممە ئىش.
دىلمۇراتنىڭ ئۆيىدە،
قىزىپ كەتتى ياخشى ئىش.

يېتىپ كەلدى ئۆسمۈرلەر،
ئىشقا چۈشتى ئالدىراش.
بەزىسى ئۆي سۈپۈرسە،
بەزىلىرى ئەتتى ئاش.

بەزىلىرى ئەپكەشلەپ،
تۇڭغا سۇنى توشۇشتى.
بەزىلىرى كىر - قاتنى،
يىغىشتۇرۇپ يۇيۇشتى.

تەسىرلەندى بۇ ئىشتىن،
دىلمۇرات ھەم ئۇكىسى.
كۆزىگە لىق ياش ئالدى،
مىننەتدار بوپ ئاپىسى.

دەل شۇ پەيتتە مۇئەللىم،
چىلگ تۇتۇپ شۇ پۇرسەتنى.
بەردى چوڭقۇر تەربىيە،
ئولتۇرغۇزۇپ مۇراتنى.

چۈشەندۈردى ئۇنىڭغا،
دەرسلەرنى بىر - بىرلەپ.

ھەر بىر ئاجىز ھالقىغا،
ھۇجۇم قىلدى ئىچكىرلەپ.

سوۋغا قىلدى مۇراتقا،
يېڭى كىتاب - دەپتەرنى.
تاپىلىدى قايتقىچە،
تۆۋەندىكى گەپلەرنى:

«ياخشى ئوقۇ دىلمۇرات،
بەڭباشلىقنى تاشلىغىن.
كەمچىلىكنى تۈگىتىپ،
يېڭىچە ئىش باشلىغىن.»

تەسىر قىلدى بەك قاتتىق،
دىلمۇراتقا ئاشۇ ئىش.
ئۆگىنىشتە - ھەرىكەتتە،
بولدى بىردىن ئۆزگىرىش.

ئۆگەندى ئۇ دەرسنى،
قولدىن كىتاب چۈشۈرمەي.
مەشىق قىلدى تاڭغىچە،
چىراغنىمۇ ئۆچۈرمەي.

باشقىلارنى يېتەكلەپ،
قىلدى ئۇ كۆپ ياخشى ئىش.
ئادىتىگە ئايلاندى،
ئەل ئىشىغا كۆيۈنۈش.

شۇندىن باشلاپ مۇراتتا،
بولدى بەك چوڭ بۇرۇلۇش.
ئۆتكۈزمىدى ۋاقتىنى،
بۇرۇنقىدەك ئەمدى بوش.

ئۆتتى شۇنداق ئىككى يىل،
ياخشى ئوقۇپ تىرىشىپ.
تەقدىرلەندى دىلمۇرات،
زور ئۇتۇققا ئېرىشىپ.

ئەمدى ئۇنىڭ دوستلىرى،
دىلمۇراتنى ماختىدى.
ياخشى بالا ئۈلگە دەپ،
بايراقدار قىپ سايلىدى.

شۇڭا بۈگۈن دىلمۇرات،
چىقتى خۇشال سەھنىگە.
ئۈلگىلىك ئىش - ئىزنى،
تونۇشتۇردى ھەممىگە.

دېدى: «مەكتەپ بېغىنىڭ،
قىزىل غۇنچە - گۈلىمەن.
مەكتىپىمنىڭ قوينىدا،
شادلىنىمەن، كۈلىمەن.

باغۋەنلەرنىڭ سۆزىنى،
يۈرەكتە چىڭ ساقلايمەن.

ئۈمىدىنى ئۇلارنىڭ،
چوقۇم ياخشى ئاقلايمەن.»

ئوقۇتقۇچى گۈلباھار،
چىقتى شۇئان سەھنىگە.
قىزىل گۈلنى تاقىدى،
دىلمۇراتنىڭ كۆكسىگە.

ھاياجاندىن دىلمۇرات،
تۇتالمىدى ئۆزىنى.
شادلىق يېشى ئاشۇ دەم،
قۇچتى ئۇنىڭ يۈزىنى.

دېدى: «مەنسۇپ شان ـ شەرەپ،
مۇئەللىمگە، ۋەتەنگە.
مېنى ساغلام ئۆستۈرگەن،
چىۋەر ئىشچان باغۋەنگە.»

كۆكسىدىكى گۈلنى ئۇ،
مۇئەللىمگە تاقىدى.
ئۇستاز ـ شاگىرت كۆزىدىن،
شادلىق نۇرى چاقنىدى.

قىزغىن ئالقىش ـ چاۋاكلار،
كەتتى ياڭراپ سەھنىدە.
ئېيتتى ھەممە ئاپىرىن،
ئۇستازىنىڭ شەنىگە.

# تۆلكە بىلەن خوراز

(نەسرى مەسەللەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قاۋان بىلەن كالا

كونا بويى ئاچ قالغان قاۋان تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتقان كالىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەمرىپ كەتكەن تاغىل موزايغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى يېمەكچى بولۇپ يوگىرەپ كەپتۇ. قاۋاننىڭ يىراقتىن خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تاغىل موزاينىڭ ئانىسى تاغىل كالا دەرھال موزىيىنى دالدا قىلىپ ھۆكىرەپ:

- ئاغىنىلەر، قاۋان كەلدى، ياردەم قىلىڭلار! - دەپ مۆرەشكە باشلاپتۇ. تاغىل كالىنىڭ ياردەم سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى كالىلار يېتىپ كېلىپ، موزايلىرىنى ئىچىگە ئېلىپ چەمبەر ياساپ، مۈڭگۈزلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قاۋاندىن ئۆزلىرىنى قوغداشقا ھازىرلىنىپتۇ.

قاۋان ئەتراپنى ئايلىنىپ ھەر تەرەپتىن ئېتىلىپ باقسىمۇ، مۈڭگۈزلەرنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ خېلى بىر ھازاغىچە ھۇجۇم قىلىپ بېقىپ ئاخىرى ھالسىزلىنىپتۇ- دە، نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ كېتىپ قاپتۇ.

قاۋان ئورماندىكى ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئاچ قورساق ھالدا ئۇيان - بۇيان خىيال قىلىپ بۇ بىر توپ كالىلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىچە ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھېلىقى تاغىل كالىنىڭ قوتىنىغا كېلىپ:

- بۇرادەرلىرىڭ سېنى «بىزگە بالا تېرىپ بېرىدىكەن» دەپ تاشلاپ، ئۇ تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىغا ئوتلىغىلى كېتىپ قالدى. سەن قوتاندا بالاڭ بىلەن يالغۇز قاپسەنغۇ؟ - دەپتۇ ۋە ئاستا

كەتكەن بولۇپ ئورماندىكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

تاغىل كالا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ «مەنمۇ چاپسانراق ئۇلارغا يېتىشىۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە تاغىل موزىينى ئەگەشتۇرۇپ قاۋان كۆرسەتكەن تاغ جىلغىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. تاغىل كالا بۇرادەرلىرىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ تاغ جىلغىسىغا ئىچكىرلەپ كىرىپ كېتىپ، كەيندىن ماراپ كېلىۋاتقان قاۋاننى كۆرمەپتۇ.

قاۋان تاغىل كالىنىڭ ئاۋازى باشقىلارغا ئاڭلانمايدىغان جايغا بارغاندا تاغىل كالىنى قوغلاپ ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ موزىينى تۇتۇۋاپتۇ، دە - يېۋېتىپتۇ.

ماقال:

دۈشمىنىڭنىڭ سۆزىگە ئىشەنسەڭ، بېشىڭغا كەلگەن پالاكەتنى سەزمەي قالىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھۆپۈپ بىلەن بۇلبۇل

ھۆپۈپ ئۇچۇپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەشەمەتلىك بىر ئۆينىڭ پىشايۋىنىدا ئىسقىلىق قەپەز ئىچىدە زار - زار يىغلاپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بۇلبۇلنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ -دە، ئۇنىڭ يېنىدىكى دەرەخ شېخىغا قونۇپ بۇلبۇلغا شۇنداق دەپتۇ:

- ئەي خوش ئاۋاز گۈزەل بۇلبۇل، ئالدىڭدا دېنىڭ تەييار، سۇيۇڭ تەييار، ھەيۋەتلىك سارايغا ياراشقان ئالتۇن رەڭ قەپەزنىڭ كۆمۈش رەڭ قوندىقىغا ئولتۇرۇپ، خۇشپۇراق گۈللەر، چىرايلىق چېچەكلىك باغچىغا قاراپ شادلانماي، يىغلاپ ھەسرەت چەككىنىڭ نېمىسى؟ ئىسىت، مېنىڭمۇ سېنىڭدەك خوجايىنىم بولسا كاشكى...

- ئەي ھۆر ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ھۆپۈپ،- دەپ ئاھ ئۇرۇپ سايراپتۇ بۇلبۇل،- مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلغان تۇتقۇنمەن. بىلەمسەن، ئۆزىنىڭ بەختىنىلا ئويلايدىغان خوجايىن مېنىڭ پىغانلىق سايراشلىرىمدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن، مېنى قەپەزگە سولاپ قويىدى.

ماقال:

«خورلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان ئىنسان، ھۆرلۈكنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.»

# دورامچۇق قاغا

قاغا ئەسلىدە پەيلىرى تۇرنىدەك ئاپپاق، ئاۋازى بۇلبۇلدەك يېقىملىق بىر قۇش ئىكەن. ئەمما ئۇ ھەر دائىم باشقا قۇشلارغا قاراپ ھەۋەس قىلىدىكەن ھەمدە قايسى قۇشنى كۆرسە شۇنىڭدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى شۇ خىياللار بىلەن ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئېگىز بىر تاغ ئۈستىدە نۇ چېچىپ تۇرغان قىپقىزىل بىر مېۋىنى كۆرۈپتۇ. بۇ مېۋە كارامەت مېۋىسى ئىكەن. ئۇنى يېگەن قۇش ھەممە قۇشلارغا ئايلىنالايدىكەن. ئەتىسى قاغا ئويغىنىپ، ئورماندىكى بارچە ئۇچار قاناتلارنى يىغىپ:

ئەي ئۇچار قۇش جانىۋارلار، ئاڭلاپ قويۇڭلار، مەن تورغا ئوخشاش رەڭگارەڭ قانات ـ قۇيرۇقى بار، بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازى بار قۇش بولۇپ كېلىمەن،ـ دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۇزاقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ نەچچە كۈن، نەچچە كېچە ئۇچۇپ، تاغ داۋانلاردىن ئېشىپ، دەل ـ دەرەخمۇ، گۈل ـ گىياھلارمۇ يوق قاقاس چۆلگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە چىكەتكە قوغلاپ يۈرگەن كەسلەنچۈككە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن كارامەت مېۋىسىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ مەقسىتىنى دەپتۇ.

ـ كۆردۈڭمۇ، ـ دەپتۇ كەسلەنچۈك دۇمبىسىدىكى رەڭگارەڭ تېرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،ـ ئاۋۇ تاغ باغرىدىكى چاقماق چۈشۈپ كۆيۈۋاتقان قىپقىزىل ئوتنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇ ئوتقا قورقماي ئۆزۈڭنى ئاتساڭ، پەيلىرىڭ تورنىڭ قاناتلىرىدەك گۈزەل بولىدۇ. كەل، ئاۋۋال مەن سېنىڭ تىلىڭنى تۈزلەپ قوياي، بۇلبۇلدەك سايرايدىغان بولىسەن،ـ

دەپتۇ. كەسلەنچۈك قاغا تۇمشۇقىنى سوزۇپ تىلىنى چىقىرىشى بىلەن تەگلا كاپىلا قىلىپ ئۇنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان قاغا ئاچچىقىدا كەسلەنچۈكتىن قىچىپ «ھېچ بولمىسا قاناتلىرىمنى بولسىمۇ بوياپ ئالايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇچۇپ بېرىپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. قاناتلىرى شۇ ھامان كۆيۈپ، بەدەنلىرى قاپقارا بولۇپ قاپتۇ. ئاغرىققا چىدىماي يىغلىغان ئىكەن، ئاۋازى ئالاتاغىل چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

خىجالەتچىلىككە چىدىمىغان قاغا باھار، ياز پەسىللىرىدە ئورماندىكى قۇشلار ئارىسىغا بارالماي، قىش پەسلىدە ئۆزى يالغۇز تېزەك چوقۇلاپ جان باقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ماقال:

«ئەسلىڭدىن ۋاز كەچسەڭ، نەسلىڭنى يوقىتىسەن.»

# چېمپىيون مايمۇن

قىلىن ئورمانلىق ئىچىدە ھايۋانلارنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى باشلىنىپتۇ. رېپىر زىراپە مايمۇن بالىسى بىلەن كىچىك كۈچۈكنىڭ يۈگۈرەش مۇسابىقىسى باشلانغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. ئېيىقۋاي «پاق» قىلىپ بىر چاۋاك ئۇرۇشى بىلەن تەڭ مايمۇن بىلەن كۈچۈك ئۇچقاندەك يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. چاققان مايمۇن ھە دېگەندىلا كۈچۈكنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەممىسى مايمۇنغا مەدەت بېرىپ:

- ياخشى، تېز يۈگۈرە، يەنىمۇ تېز! - دەپ سايرىشىپتۇ. ئۆچكە، قويلار بولسا، كۈچۈككە يان بېسىپ:

- غەيرەت قىل، ئارقىدا قالما، - دەپ مەرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ پەللىسى ئورمانلىقتىكى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېگىز تۆپىلىكتە يالغۇز ئۆسكەن قارىغاي ئاستىغا قويۇلغان مامكاپتىن ياسالغان چەمبىرەك گۈلنى ئېلىپ كېلىش ئىكەن.

مايمۇن شاختىن - شاخقا سەكرەپ ناھايىتى تېزلا دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەمما ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ باقمىغاچقا، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەي دېسە سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن. سەكرەپ ئۆتەي دېسە، كۆزى يەتمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا كۈچۈك كېلىپ قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ، سۇدا بىمالال ئۈزۈپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەستىن گۈل چەمبىرەكنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ سۇدىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىقىپتۇ. ئۇ بويىنىدىكى

چەمبىرەكنى يەرگە قويۇپ بەدىنىدىكى سۇنى سىلكىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، مايمۇن چاققانلىق بىلەن چەمبىرەك گۈلنى ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە بىردەمدىلا ھايۋاناتلارنىڭ، ئۇچار قۇشلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە زىراپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۈلچەمبىرەكنى تاپشۇرۇپتۇ. ئارقىدىنلا كۆچۈك ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگىنىچە:

- يالغان، يالغان، - دەپ ھاۋۋشۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، مۇسابىقە كۆزەتكۈچىسى لاچىن ئاسماندا پەيدا بوپتۇ ۋە كۆپچىلىككە:

- غەلبە كۆچۈككە مەنسۇپ، مايمۇن دەريادىن ئۈتەلمىدى. ئۇ چەمبىرەك گۈلنى كۆچۈكتىن ئېلىپ قاچتى، - دەپ دوكىلات بېرىپتۇ. ھەممەيلەن مايمۇننىڭ ساختىپەزلىكىدىن غەزەپلىنىپتۇ.

- سەن دەريادىن قانداق ئۆتۈش كېرەكلىكىنى ئۆگەنمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ۋە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە چاڭ سالغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇياتقا قالدىڭ، - دەپتۇ مايمۇننىڭ ئانىسى كەچتە ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ، - ئەمدى تىرىشىپ مەشىق قىلغىن، سەمىمي، راستچىل بولغىن.

مايمۇن بالىسى شۇنىڭدىن باشلاپ ھەركۈنى يىراققا سەكرەشنى مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى مۇسابىقىدە، رېپىر زىراپە گورۇپپىلار بويىچە مۇسابىقە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. مايمۇن بىلەن كۆچۈك بىر گورۇپپا، توشقان بىلەن ئوغلاق بىر گورۇپپا بوپتۇ. ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ ئېگىز دەرەخكە يامىشىپ چىقىپتۇ- دە، دەرەخنىڭ شېخىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ پۇلاڭشىغىنىچە ئۆزىنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئېتىپتۇ ۋە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ شېخىنى تۇتۇۋېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دەريا بويىغا ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن كۆچۈككە قاراپ:

- بولدى ئۆتمە، سەن چەمبىرەك گۈلنى ئېلىپ كېتىۋەر، - دەپ توۋلىغىنىچە، چەمبىرەك گۈلنى پىرقىرىتىپ ئېتىپ بېرىپتۇ. كۆچۈك چەمبىرەك گۈلنى تېزلا مۇسابىقە مەيدانىغا يەتكۈزۈپتۇ. زىراپە مايمۇن بىلەن كۆچۈكنىڭ گورۇپپىسىنى كوللىكتىپ چېمپىيۇن، كۆچۈكنى يالغۇز تۈر بويىچە چېمپىيۇن دەپ ئېلان قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، كۆزەتكۈچى لاچىن ئاسماندا تۇرۇپ مايمۇننىڭ پىداكارلىقىنى ۋە نەتىجىنى كۆچۈككە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى بايان قىپتۇ. زىراپە مايمۇننى چېمپىيۇن دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ بوينىغا چەمبىرەك گۈلنى ئېسىپتۇ. ئورماندىكى جان - جانىۋارلار مايمۇننى تەبرىكلەپ ئالقىش ياڭرىتىپتۇ.

ماقال:

«سەمىمىي، راستچىل، ياردەمسۆيەر كىشى ھەر زامان ئالقىشقا سازاۋەر بولىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تورغاينىڭ پۇشايمىنى

بىر تورغاي دانلاش ئۈچۈن يولغا چىقىپ شامالنىڭ دەستىدىن زادىلا ئۇچالماپتۇ ۋە بىزار بولۇپ:

- ھەي شامال، سېنىڭ ماڭا ھېچقانداق مەنپەئەتىڭ يوق، دەرھال توختا!- دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شامال شۇ ھامان توختاپ قاپتۇ.

تورغاي بىرقانچە كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوزۇق تاپالماپتۇ. چۈنكى شامال چىقمىغاچقا دېھقانلار خاماندىكى بۇغداي باشاقلىرىنى سورىيالماپتۇ. ئاچ قورساق تورغاي شامالسىز ھاۋادا بەكلا ئىسسىپ كېتىپتۇ. سالقىنلاش ئۈچۈن دەرەخنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالماپتۇ. ئۇ شۇندىلا پۇشايمان بىلەن:

- ھەي شامال، مەن خاتالىشىپتىمەن. مېنىڭ ئۇچۇشۇمغا توسالغۇ بولغىنىڭ بىلەن، باشقىلارغا مەنپەئەتىڭ كۆپكەن ئەمەسمۇ؟! - دەپتۇ.

ماقال:

«ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، باشقىلارغا زىيان سالما.»

# ئەينەك

ئىككى پارچە ئەينەك بىر- بىرىنى ئەيىبلەپ جاڭجاللىششقا باشلاپتۇ.

- ھالىڭغا باقماي نېمىشقا ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرىسەن؟- دەپتۇ دېرىزە ئەينىكى ئۆزىگە يۆلەپ قويۇلغان كۆرۈنىدىغان ئەينەككە قاراپ.

- سەن نېمەڭگە ئۇنچە كېرىلىپ كېتىسەن؟- دەپتۇ كۆرۈنىدىغان ئەينەك.

- بىلىپ قوي، مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىۋاتىمەن، بىكار تەلەپ.

- مەن ئۆيگە ھۆسن قوشۇپ تۇرۇپتىمەن، سۆرۈن چىراي.

- ئۆينى يوپيورۇق قىلىپ تۇرغان مەن، سەن بولساڭ يورۇقنى توسۇپ تۇرىسەن.

- ئۆي ئىگىسى كۈندە مەن بىلەن سالاملىشىدۇ، سېنىڭ ھۆرمىتىڭ چاغلىق.

- مەن سوغۇقنى، شامالنى توسۇپ تۇرمىسام...

- مېنىڭدەك پارقىرىساڭ گەپ بار ئىكەن - دە، رودىپاي.

- سېنىڭ پەردازلىرىڭ سىماپتىن ئەمەسمۇ؟ ئەسلى زاتىنى ئۇنۇتقان، - دەپتۇ دېرىزە ئەينىكى ئالدىدىكى كۆرۈنىدىغان ئەينەكنى سىلكىشلەپ.

- نېمە دەيسەن، نۇرسىز!

- سەن نېمە دەيسەن، دورامچۇق!

جېدەل ئۇلغىيىپ ئىككىسى سىلكىنىپ چىقىپ ئۆزلىرىنى بىر - بىرىگە ئېتىپتۇ. «جاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككىلىسى سۇنۇپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەينەكقۇ سۇندى، باشقىسىنى يەڭگۈشلىگىلى بولار، ئەمما مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بار ئەمەسمۇ؟

ماقال:

«كۆرەلمەس، جېدەلخورلار ئۆزىگە زىيان سالىدۇ.»

# ئالما

قىزىرىپ پىشقان بىر ئالما ئۆزىنى كۆتۈرۈپ تۇرالماستىن، شېخىدىن ئاجراپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دومىلىغىنىچە كىچىككىنە ئېرىقتىكى سۇغا چۈشۈپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. سۇغا چۆمۈلۈش دەسلەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلغان بولسىمۇ، بىراق سۇ ئۇنى ئېقىتىپ چوڭ ئۆستەڭگە كەلگەندە، ئۇ قورقۇشقا باشلاپتۇ. ھېچكىم ئۇنى قۇتۇلدۇرالماپتۇ. ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارلىغاچ ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە پەرۋا قىلماستىن شۇڭغۇپ كۆككە كۆتىرىلىپ كېتىپتۇ. ئالما بۈك ئورمانلىق ئىچىنى ئارىلاپ بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋېتىپ، دەرەخ ئۈستىدە ئويناۋاتقان مايمۇننى كۆرۈپ:

- مېنى قۇتقۇزىۋېلىڭلار! - دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ زارلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان مايمۇن چەبدەسلىك بىلەن شاختىن - شاخقا سەكرەپ، ئالمىغا يېتىشىۋاپتۇ ۋە دەرەخ شېخىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ ئالمىنى سۇدىن سۈزۈۋاپتۇ - دە، قىلچە ئەيمەنمەستىن ئۇنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

- مېنى يەۋاتىسەنغۇ؟ - دەپ سوراپتۇ ئالما.

- ھەئە، مەن سېنى يېيىش ئۈچۈن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم ئەمەسمۇ؟ - مايمۇن شۇنداق دەپتۇ ۋە ئالمىنى يەپ كېتىپتۇ.

كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

ماقال:

«ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاجىزلارنى قۇربان قىلىش زومىگەرنىڭ تەبىئىتىدۇر.»

# تىلنىڭ خىسلىتى

بىر دانە كەمپۈت ئېغىزدىن كىرىشى بىلەنلا چىشلارنىڭ دەھشەتلىك ھەرىكەتلىرىدىن پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ. كەمپۈتنىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى چىشتىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، يۇمشاق بىر نەرسىنىڭ ئۇنى يېنىك پەپىلەپ ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، سوراپتۇ:

- سەن كىمسەن؟

- مەن ئېغىز بوشلۇقىنىڭ بىر ئەزاسى تىل بولىمەن.

- سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟

- بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ، لەززىتىنى كۆرىمەن.

- ھەيرانمەن، - دەپتۇ كەمپۈت تىلغا قاراپ، - شۇنچە يىرتقۇچ چىشلار ئارىسىدا ساق ياشاپ يەنە بارلىق تائاملارنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىڭنىڭ سىرىنى بىلەلمىدىم؟

- ئۆزۈڭ كۆرمىدىڭمۇ؟- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تىل كەمتەرلىك بىلەن، - مەن مەڭگۈ مۇلايىم ياشايمەن.

ماقال:

«ئەتراپىڭدىكىلەرگە قانچىلىك مۇلايىم مۇئامىلە قىلساڭ، شۇنچىلىك ئىززەتكە سازاۋەر بولىسەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كۆكۈيۈن

كۆكۈيۈن ئورمانلىق ئىچىدە ئۇچرىغان جان ـ جانىۋارلارنى، ھايۋانلارنى چېقىپ زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئاڭلىغان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ پادىشاھى ئۇنى تۇتىۋاپتۇ. كۆكۈيۈن يالغاندىن تووا قىلغان بولۇپ قۇتۇلماقچى بوپتۇ. بىراق ھەرە پادىشاھ ئۇنىڭغا ياغاچ، بادرا ۋە قوراي كەلتۈرۈپ بىر ئۆي ياساشنى بۇيرۇپتۇ ۋە:

ـ ئەگەر ئۆينى پۈتتۈرەلمەيدىكەنسەن، ئورمانلىقتىن ھەيدىۋېتىمەن، ـ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

كۆكۈيۈن دەرھال تۇتۇش قىلماقچى بولۇپ ئورمانلىقنى ئارىلاپ ئاتنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ، ئۇ بىچارە قىياپەتتە:

ـ ئات ئاكا، ماڭا تاغدىن سەككىز دانە ياغاچ سۆرەپ ئەكىلىپ بەرسىڭىز، بېشىمغا كۈن چۈشتى، ـ دەپ ئاتقا يالۋۇرۇپتۇ. ئات بېشىنى يۇقىرى- تۆۋەن لىڭشىتىپ ۋە قۇيرۇقىنى پولاڭشىتىپ:

ـ بولىدۇ، مەن ئويلىنىپ باقاي،ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن ئىچىدە: «كۆكۈيۈن يىل بويى مېنى چاقىدۇ، مەن يەنە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىمەنمۇ؟ ياق» دەپ ئويلاپتۇ.

كۆكۈيۈن ئۇچۇپ يۈرۈپ كالىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا:

ـ كالا ئاچا، مەن چوڭ پالاكەتكە يولۇقتۇم، سىزدىن ئايرىلىپ قالدىغان بولدۇم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئوتتۇز دانە بادرا توشۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ـ دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. كالا بولسا ئۇنىڭغا قىلچە

رەھىم قىلماستىن نەشتەردەك چاققانلىرىنى ئىسىگە ئاپتۇ ـ دە، دەرھال بېشىنى بۇراپ:

ـ مەن ئالدىراش، ۋاقتىم يوق، ـ دېگىنىچە قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ چېپىپ كېتىپ قاپتۇ.

كۆكقۇيۇن بىر توپ قويلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا:

ـ قوي دوستلار، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى چاقمايمەن، مەرھەمەت قىلىپ ھەربىرىڭلار بىر باغلامدىن قوراي توشۇپ بەرگەن بولساڭلار، ـ دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. قويلار ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەپتۇ. ئەمما ياۋاشلىقىدىن رەت قىلىشقا پېتىنالماي:

ـ قېنى، بىز مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپ، ھەممىسى بېشىنى بىريەرگە تىۋۋەن قىلىپ ساڭگىلىتىپ جىم تۇرۇۋاپتۇ.

ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن كۆكقۇيۇن ھەرە پادىشاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ يىراق جاڭگالغا قېچىپ كېتىپتۇ. كۆكقۇيۇننى كۆرسە، ئاتلار بېشىنى لىڭشىتىپ يالغان ماقۇل دەيدىغان، كالىلار قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ ئالدىراش چېپىپ كېتىدىغان، قويلار باشلىرىنى بىريەرگە ئىگىشتۈرۈپ كېڭەش قىلىدىغان ئادەت ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن. ھەرە پادىشاھ بولسا تا ھازىرغىچە ۋەدىسىدە تۇرمىغان كۆكقۇيۇننى جازالاش ئۈچۈن ئورمانلارنى ئارىلاپ يۈرۈيدىكەن.

ماقال:

«باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ، جازاسىنى تارتىسەن»، «ھەر ئىشنىڭ بىر ھېكمىتى باردۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالا، تېرەك ۋە قۇشقاچ

بىر كىچىك بالا چوڭ تېرەكنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، ئۇستىدە ۋىچىرلاپ سايراۋاتقان قۇشقاچنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇتۇپ ئوينىماقچى بوپتۇ ـ دە، تېرەككە يامىشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

ـ هاي، پەخەس بول، قۇشقاچلارغا ئۇۋال قىلمىغىن، ـ دەپتۇ تېرەك بالىغا.

ـ سېنىڭ چاتىقىڭ نېمە؟ ـ دەپتۇ بالا ئاچچىقلىنىپ، ئۇ تېرەكنىڭ ئۈچىدىكى قۇشقاچ ئۇۋىسىغا يېقىنلاشقاندا، قۇشقاچ بالىسى نالە قىلىپ:

ـ جېنىم ئاكا ماڭا چېقىلمىغىن، ھېلى ئاپام كېلىدۇ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ـ دەپتۇ. بالا بىپەرۋالىق بىلەن:

ـ ساڭا ئىچىم ئاغرىسا، مەن نېمە ئوينايمەن، ـ دەپتۇ ـ دە، ئىككى قۇشقاچ بالىسىنى ئۇۋىسىدىن چاڭگاللاپ ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن قۇشقاچنىڭ ئانىسى ئۇچۇپ كېلىپ:

ـ ھەي بالا، باللىرىمنى قويۇۋەت، بولمىسا ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، ـ دەپتۇ. بالا ھۆرپىيىپ ۋارقىراپتۇ:

ـ قېنى قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى؟ كارامىتىڭنى كۆرسەتمەمسەن؟

دەل شۇ چاغدا ئانا قۇشقاچ بالىنىڭ قولى يەتكىدەك يەرگە قونۇۋېلىپ:

ـ باللىرىمنى قويۇۋەت، بولمىسا...، ـ دەپ ۋىچىرلاپتۇ. بالا ئانا قۇشقاچنىمۇ تۇتۇۋالماقچى بولۇپ، قولىنى سوزۇشىغا، ئۇ يەنە

شۇ سۆزنى تەكرارلاپ بىر غېرىچ نېرىغا سەكرەپ چىقىۋاپتۇ. بالا بىر كۆچەپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قولىنى سوزغان ئىكەن، بالا دەسسەپ تۇرغان شاخ قاراسسىدە سۇنۇپتۇ - دە، بالا پۇلاڭلاپ پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بالا ئېسىنى يىغىپ قارىغىنىدا ئۆزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر چوماققا ئېسىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەسلىدە تېرەكنىڭ غولىدا بىر دانە ئاسمانغا قاراپ تۇرغان چوماق بولۇپ، ئۇ ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان بالىنى ئىچى ئاغرىپ چاپىنىدىن ئىلىۋېلىپ تۇتۇۋالغان ئىكەن.

- ھەي چوماق، مېنى نېمە تۇتۇۋالىسەن؟ قويۇۋەت، - دەپتۇ بالا يەرگە ساڭگىلاپ تۇرغان پۇت، قولىنى پۇلاڭشىتىپ.

- ئالدىرىما، - دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ چوماق، - ئەگەر سېنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، ئۆلمىسەڭمۇ، پۇت - قولۇڭ سۇنغان بولاتتى. مەن ساڭا ياخشىلىق قىلدىم، - چوماق شۇنداق دەپ بالىنى قويۇۋېتىپتۇ. بالا ئىلىنىپ قالغان چاپىنىنىڭ يىرتىلىشى بىلەن ئاستا يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ تېرەكتىكى قۇشقاچ ئۇۋىسىغا قاراپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەگەر چوماق تۇتۇۋالمىغان بولسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۆلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چوماققا قاراپ:

-ھەي ئاداش، رەھمەت ساڭا، ماڭا نېمە ئۈچۈن ياخشىلىق قىلغانلىقىڭنى بىلگۈم كېلىدۇ، - دەپتۇ. چوماق مۇنداق دەپتۇ:

- ھەي كەپسىز بالا، بىرنەچچە يىل بۇرۇن قامچا ياساپ نۇر ئويناش ئۈچۈن كېلىپ مېنىڭ بېلىمدىن سۇندۇرۇپ ئېلىپ كەتكىنىڭ يادىڭدىمۇ؟ شۇنىڭدىن بېرى مەن قۇرۇپ كېتىپ ئۆسەلمەي شۇ پېتى تۇرۇپتىمەن. شۇنداق بولسىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىمەن. سەن ھېلىلا ئىككى قۇشقاچ بالىسىنى تۇتۇۋالدىڭ. ئۇلارنى ئويناپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. شۇڭا ساڭا تەربىيە بولسۇن دەپ ياخشىلىق قىلدىم.

بالا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەكمۇ خىجالەت بوپتۇ ۋە يانچۇقىدىكى قۇشقاچ بالىلىرىنى دەرھال قويۇۋېتىپتۇ.

ماقال:

«ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلار، ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتنى ئۇنۇتماسلىقى لازىم.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شامال بىلەن شام

بىر كىچىك بالا دېرىزە تۈۋىدە شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرسا، شامال چىقىپ شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. بالا دېرىزىنى يېپىپ قوياي دېسە، ئۇي بەكمۇ تىنجىق ئىكەن.

ئۇ بىر ھازا ئويلاپ ئولتۇرۇپ ياخشى ئامال تېپىپتۇ. ئەينەك ئۈستىدىكى ئاسمىدىكى شامنىڭ ئۈستىگە دوم كۆمتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىراق شام ئۇزاق ئۆتمەستىنلا ئۆچۈپ قاپتۇ. ئۇ ئوت يېقىپ يەنە بىر قېتىم سىناپ باققان ئىكەن، يەنە ئۆچۈپ قاپتۇ. بالا شامغا ئاچچىقلىنىپ:

- ھەي، تازىمۇ قاملاشمايدىغان نېمىكەنسەن، بايىقىمۇ شامالدىن قورقۇپ ئۆچۈپ قالدىڭ، ئەمدى نېمشقا يانمايسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

شام بالىغا قاراپ سۆزلەپتۇ:

- سەن خىيالىڭدا مېنىلا كۆيۈپ يورۇقلۇق بېرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئۇنداق ئەمەس، مېنى كۆيدۈرۈۋاتقىنى ئوكسىگېن.

بالا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

- نېمە؟ ئوكسىگېن؟ ئوكسىگېن دېگەن نېمە ئۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

ھاۋانىڭ تەركىبىدە ئازوت، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، نىترات گاز قاتارلىق گازلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوكسىگېن كۆيۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ ئاشۇ ئوكسىگېندىن نەپەس ئالىسەن،- دەپتۇ شام.

ماقال:

«ئاللاھ ياراتقان ھەر نەرسىنىڭ بىر ھېكمىتى بار.»

## قىزىل گۈل بىلەن يىگىناغۇچ

يىگىناغۇچ ئۇچۇپ يۈرۈپ بىر باغقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ بىر تال قۇرۇق شاخنىڭ ئۇچىغا قونۇۋېلىپ ئەتراپقا نەزەر سالپتۇ. قارىسا بىر تۈپ قىزىل گۈلنىڭ يېنىدا ئىككى كىچىك قىز پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگۈدەك. بىرى گۈلگە سۇ قۇيسا، بىرى ناخشا ئېيتىپ گۈلنى كۈيلەۋاتقۇدەك.

«ھەي، قىزىلگۈلنىڭ نېمىسىگە شۇنچە قىلىدىغاندۇ، - دەپ ئويلاپتۇ ئۇ باغ ئىچىدە، - بىزنى بولسا باللار تۇتۇۋېلىپ قۇيرۇقىمىزدىن باغلاپ قىيناپ ئويناپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بەلكىم باللارنى خۇشال قىلغان ئۇنىڭ قىپقىزىل ياپراقلىرى. قېنى، مەن ئۇنى تېتىپ- تېتىپ تاشلاي، قانداق قىلىدىكىن.»

يىگىناغۇچ ھەسەت بىلەن شۇلارنى ئويلاپ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئۆزىنى ئوقتەك ئېتىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە شاخلار ئارىسىدىكى يىگىندەك ئۆتكۈر بىر تىكەن ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. تىكەن كۆكسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ ئۇنى ھالاك قىپتۇ.

- ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئۇۋال قىلدىڭ. ئەسلىدە ماڭا ئۇنداق يامان نىيەتتە بولماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. مەنمۇ ھۆسنىمگە ۋە خۇشبۇي پۇرىقىمنى سەندىنمۇ ئايىمىغان بولاتتىم، - دەپتۇ قىزىلگۈل ئېچىنىش بىلەن.

ماقال:

«ھەسەتخورلۇق بىلەن باشقىلارغا قەست قىلغان ئىنسان ئاقىۋەتتە ئۆز قەلبىنى ھالاك قىلىدۇ.»

# قۇشقاچ باچكىسى

ئىككى قۇشقاچ بالىسى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى چاڭگىدا ئانىسى ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى يەپ قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ ئۇچۇرۇم بوپتۇ. كىچىكى ئۇيان - بۇيان سەكرەپ ئۆزىمۇ دان ئىزدەپ يېيىشكە باشلاپتۇ. چوڭى بولسا ئورنىدىن قوزغالماي يېتىۋېرىپتۇ. كىچىكى چوڭىغا:

- ئاكا ئەمدى بىزمۇ ئاز - تولا مىدىرلايلى، ئانام كۆپ جاپا تارتىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى، - دەپتۇ.

- ياق، ئانام ئەكىلىپ بېرىدۇ،- دەپتۇ چوڭى ھورۇنلۇق بىلەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ قۇشقاچلارنىڭ ئانىسى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا كىچىكى دان تېرىپ كېلىپ ئانىسى، ئاكىسىنى بېقىپتۇ ۋە ئاكىسىغا يەنە:

- ئاكا، ئانام كۆپ جاپا تارتىپ ئاغرىپ قالدى. ئەمدى ئۆزۈڭ ئۇچۇپ يۈرۈپ قورسىقىڭنى تويغۇزغىن، - دەپتۇ.

- ياق، ئانام ساقايغاندا ئەكىلىپ بېرىدۇ، - دەپتۇ ئۇ يەنىلا تەرسالىق بىلەن. ئانىسىمۇ ساقىيىپ كۈنلەر، ئايلار شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. كۈز پەسلى كېلىپ ھاۋا سوۋۇشقا باشلاپتۇ. كىچىكى ئانىسىغا ئوخشاش پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايدىغان بوپتۇ.

سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغاندا كىچىكى ئانىسى بىلەن بىللە ئىسسىق تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئاكىسى بولسا ئۇچالماي چاڭگىسىدا يېتىپتۇ. قار ياغقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ماقال:

«ئىشچان ئادەم گۈللەپ ياشنايدۇ، تەييارتاپ ئادەم خارلىقتا قالىدۇ.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۈركۈت بىلەن بۇلبۇلگويا

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئورمان ئىچىدە بۈركۈت بىلەن بۇلبۇلگويا ئۆزىنى ماختاپ بەسلىشىپ قاپتۇ.

- مەن ياڭراق ئاۋازدا سايراشقا ماھىر، - دەپتۇ بۇلبۇلگويا بۈركۈتكە، - مەن سايرىغاندا ھەممە ئادەم ھەيران قالىدۇ.

- مەن ئۇستىلىق بىلەن ئوۋ قىلالايمەن، - دەپتۇ بۈركۈتمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي، - مەن تۇتقان توشقانلارنى كۆرگەن ئادەملەر ھەيران قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇلبۇلگويا سايراشقا، بۈركۈت ئوۋ قىلىشقا باشلاپتۇ. ئادەملەر راستىنلا ھەيران قاپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ناخشا ئاڭلاشقا خۇشتار بىر كىشى بۇلبۇلگويانى قەپەزگە سولاپ قويۇپتۇ. ئوۋغا ھېرىسمەن بىر كىشى بۈركۈتنىڭ پۇتىغا زەنجىر ئۆتكۈزۈپ، كۆزىنى تېڭىپ قويۇپتۇ.

ماقال:

«ماختانچاق ئادەم ئوڭاي ئالدىنىپ قالىدۇ.»

كىتاب تورى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن خوراز

تۈلكە بىر كۈنى كاتەكتىن ئېلىپ چىققان توخونى بويىنىدىن بوغقىنىچە ئورمانىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كەپتۇ. دە، دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يەرگە قويۇپتۇ. يېرىم جان بولۇپ قالغان توخو تۈلكىگە يالۋۇرۇپتۇ:

- ئەي رەھىمدىل تۈلكە، مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن ساڭا ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن.

- نېمە قىلىپ بېرىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ تېخىمۇ جىقراق پايدا ئېلىشنى ئويلىغان تۈلكە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

- تاڭ سەھەردە چىللاپ، سېنى ئويغىتىمەن.

- ھەي ئەخمەق توخو، - دەپتۇ تۈلكە قاقاقلاپ كۈلۈپ، - مەن سېنى دەل سەھەردە چىللاپ كىشىلەرنى ئويغىتىۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمەن.

ماقال:

«ۋىجدانسىز ئىنسانلار ئۆلۈم ئالدىدىمۇ غالچىلىق قىلىدۇ.»

# كەپتەرنىڭ ياخشىلىقى

بىر كەپتەر ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ئۆستەڭدىكى سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان كۆتەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ زارلىنىۋاتقان چاشقاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

خالايىق، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!

كەپتەر ئۇچۇپ چۈشكىنىچە ئۇنى قاماللاپ ئېلىپ ئۆستەڭنىڭ بويىغا تاشلاپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ:

رەھمەت ساڭا، ئەي كەپتەر، ياردىمىڭنى قايتۇرىمەن، - دەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەپتەر دانلاپ يۈرۈپ ئوۋچىنىڭ تور باسمىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپمۇ قۇتۇلالماپتۇ. بۇ چاغدا، كەپتەرنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان چاشقان يېتىپ كەپتۇ-دە، قايچىدەك ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن تورنى قىرقىپ تاشلاپ كەپتەرنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇپتۇ.

ماقال:

«باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ.»

# يىلپىز بىلەن بۆغا

بىر بۆغا ئۆزىنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋالغان يىلپىزدىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ. ئۇ قېچىپ يۈرۈپ، قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ، ئاخىرى ياخشى بىر چارىنى تەۋەككۇل قىپتۇ. ئۇ قاچقىنىچە بىر قىيانىڭ تۈۋىگە كەلگەندە توختاپتۇ ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپ ئۆكۈرۈپ سۇلغا پىرقىراشقا باشلاپتۇ. كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن يىلپىز ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ، بىر ئاز ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن سوراپتۇ:

ـ ھەي ئەخمەق، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ـ ئۆمرۈمنى ئۆزارتىدىغان چۆپنى ئىزدەۋاتىمەن.

ـ نېمە؟ـ يىلپىز ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان ئىش بولسا، ئالدى بىلەن مەن يەۋالمايمەنمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ، ـ قېنى ئېيتە، ئۇنى قانداق تاپىسەن؟

ـ بەك ئوڭاي، ـ دەپتۇ بۆغا قىلچە تەمتىرىمەستىن كۈلۈپ تۇرۇپ، ـ ئاۋۋال كۆزۈڭنى مەھكەم يۇمۇپ ئۆكۈرۈپ بىر قېتىم، سولغا بىر قېتىم ئايلىنىسەن. ئاندىن كۆچەپ ئۈچ قەدەم يۈگۈرىسەن ـ دە، دەرھال توختاپ كۆزۈڭنى ئاچىسەن.

يىلپىز ئويلاپتۇ، «ھەرھالدا ئوڭاي ئىكەنغۇ، قېنى بىر سىناپ باقاي، ئاندىن بۆغىنى يىسەممۇ كېچىكمەيدىكەنمەنغۇ».

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئايلىنىپتۇ، ئۈچ قەدەم يۈگۈرۈشى بىلەن تەڭ تىك قىيادىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ماقال:

«ئەقلىڭنى ئىشلەتسەڭ، دۈشمىنىڭنىڭ تەھدىتىدىنمۇ قۇتۇ-
لالايسەن.»

كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يىگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## كەپتەر بىلەن دان

قاپقانغا تۇتقۇن بولغان كەپتەر قايىشقا باشلاپتۇ:

- لەنىتى پۇتلىرىم، سىلەر بۇ يەرگە قونمىغان بولساڭلار...

- سېنىڭ نەپسىڭ ئاشۇ دانلارغا ئىنتىلمىگەن بولسا...، - دەپتۇ پۇتلىرى.

- سېنىڭ كۆزۈڭ ئاشۇ دانلارنى كۆرمىگەن بولسا...، - دەپتۇ نەپسى.

- ئاشۇ قاناتلىرىڭ بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىگەن بولسا...، - دەپتۇ كۆزى.

- ئاشقازىنىڭ تاراقلاپ مېنى مەجبۇرلىمىغان بولسا...، - دەپتۇ قانات.

- يۈرىكىڭ ئۆزۈڭ تەلەپ قىلمىغان بولسا...، - دەپتۇ ئاشقازان.

- بولدى، ھەممىڭلاردا ئەيىپ يوق، - دەپتۇ مىڭە ئاستاغىنە، - ئىگىمىز ئۆز ۋاقتىدا دان بەرگەن بولسا...

ماقال:

«پالاكەتنىڭ سەۋەبىنى ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن ئىزلە.»

# چۆجە خورازنىڭ تەدبىرى

تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ سىرتقا چىقىپ دانلىماقچى بولغان بىر چۆجە يولنى توسۇپ تۇرغان تۈلكىنى كۆرۈپ چاقچاقلىق بىلەن بىرلا سەكرەپ ئېغىلنىڭ ئېگىز تېمىغا چىقىۋاپتۇ. باشقىلارنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن تۈلكە بەكلا ئاستا ئاۋازدا:

- ئوماق چۆجەم، پەسكە چۈش، بىللە ئوينايلى، - دەپتۇ. تۈلكىنىڭ مەقستىنى بىلگەن چۆجە بولسا، بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ پۈتۈن ئاۋازى بىلەن:

- قو قو قوق، تاڭ ئاتتى، تاڭ ئاتتى، - دەپ توۋلاپتۇ. چۈجىسىنىڭ تۇنجى قېتىم چىللىغانلىقىنى ئاڭلىغان كاتەكتىكى خوراز شۇ هامان تەڭ چىللاشقا باشلاپتۇ. مەھەللىدىكى ھەممە خورازلار چىللاپتۇ.

كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، سەھەردە مەسجىدكە مېڭىپتۇ. مەھەللىدىكىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تۈلكە چۆجىگە قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

- خەپ توختاپ تۇر، تاڭ ئاتتى دەپ كۆرەڭلىمە، كۈن پاتقاندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما!

ماقال:

«ئىسەنلىكنىڭ كاپالىتى هوشيارلىق.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىيىكلەرنىڭ تەقدىرى

بەكمۇ يىراق بىر ئورماندا ھېسابسىز كىيىكلەر ئۆم، ئىناق ياشايدىكەن. بىر چاغلاردا قوشنا ئورماندىن يىرتقۇچ قاۋانلار كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوغلاقلىرىنى يەپ كېتىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى كىيىكلەرنىڭ چوڭلىرى توپلىنىپ قاۋانلاردىن قانداق قوغدىنىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. كۆپچىلىك ئۇيان - بۇيان تالىشىپ ئاخىرى: «قاۋاندىنمۇ قورقمايدىغان بىر ھايۋاننى بىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تەكلىپ قىلايلى» دېگەن قارارغا كەپتۇ ھەمدە ھەممىسى بىردەك يولۋاسنى تەكلىپ قىلىشقا كېلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ يولۋاس كىيىكلەرنىڭ تەكلىپىنى يەردە قويماي، ئۇلارنىڭ يېنىغا - ئېگىز بىر تۆپىلىككە ماكانلىشىپتۇ- دە، قاۋانلارنى يېقىن يولاتماپتۇ. ئەمما شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر كىيىك بالىسى يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. يولۋاس بولسا، كىيىك ئاقساقاللىرىغا:

- مەن بەلگىلەپ بەرگەن جايدىن سىرتقا چىقماڭلار، چىققانلارنى قاۋان يەپ كېتىدۇ، - دەپتۇ.

كىيىكلەر بىر مەزگىلدىن كېيىن، يولۋاسنىڭ كېچىدە كىيىكلەرنى ئوغرىلىقچە يەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىشىپتۇ. ئەمما يولۋاستىنمۇ كۈچلۈك بىر جانىۋارنى تەكلىپ قىلىش ھەققىدە تالىشىپ بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. ئۇلار تالىشا - تالىشا ئاخىرىدا بىر - بىرىدىن رەنجىشىپ توپ - توپ بولۇشۇپ، ھەريانغا چېچىلىپ كېتىپتۇ.

ماقال:

«تەدبىرىڭ خاتا بولسا، تەقدىرىڭ ئېچىنىشلىقتۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
www.uyghurkitap.com

# ياۋا توڭگۇزنىڭ ئاقىۋىتى

ئەتراپى ئېگىز قارىغايلىق تاغلار بىلەن ئورالغان، بوستانلىقلىرى مېۋىلىك دەرەخلەر، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار بىلەن بېزەلگەن، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر خىلۋەت ماكاندا سان - ساناقسىز چۆپخور ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە جان - جانىۋارلار بەھۇزۇر راھەت ئىچىدە ياشايدىكەن.

يىللار ئۆتكەندە ئەجدىھالار ماكانىدىن بىر توپ ياۋايى توڭگۇزلار بۇ ئورماننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ بېسىپ كەپتۇ. ئۇلار كىلە - كەلمەيلا مېۋە شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، گۈللەرنى دەسسەپ چەيلەپ، ئېرىقلارغا تەرەت قىلىپ، سۇلارنى بۇلغاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك، ھەر كۈنى بۇغا - مارال، جەرەن - كىيىك، ئۆچكە - قوي قوزىلىرىنى تۇتۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ياۋا توڭگۇزلار ئورماندىكى بارلىق جانىۋارلارنى بىر يەرگە توپلاپ:

- بىز سىلەرنى ھەرخىل ئاپەتلەردىن قوغدىغىلى كەلدۇق، بۇندىن كېيىن بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزغا بويسۇنمىغانلارنى جازالايمىز، - دەپتۇ. يەنە بىر كۈنى:

- بۇ يەرلەر ئەزەلدىن بىزنىڭ ئىدى، سىلەر بەكلا كۆپىيىپ كەتتىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن بىزدىن رۇخسەتسىز بالا تۇغۇشقا بولمايدۇ، - دەپتۇ. يەنە بىر كۈنى:

- بۇندىن كېيىن ھەممىڭلار توڭگۇز تىلىدا سۆزلەيسىلەر، بىز نېمە يېسەك شۇنى يەيسىلەر، - دەپتۇ.

بىرمۇنچە ھايۋانلار، جانىۋارلار قورقۇپ بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر، بويسۇنمىغانلار جازالىنىپتۇ، سۈرگۈن قىلىنىپتۇ، ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. يۈرەكلىكرەكلىرى جاڭگالغا قېچىپتۇ، ئۇچالىغانلار يىراققا ئۇچۇپتۇ. جېنىدىن جاق تويغان بىر مۇنچە ھايۋانلار قوچقارنىڭ باشچىلىقىدا كېچىلىرى جاڭگالغا قېچىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا ئاخىرى بىر يايلاققا چىقىپتۇ ۋە ئۇ يەردىكى ئۈيۈر - ئۈيۈر ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ باشچىسى قارا ئايغىرغا دەردىنى ئېيتىپتۇ. ئاتامان قارا ئايغىر پۈتۈن ئاتلارنى ھەمدە سۈرگۈن قىلىنغان ھايۋانلارنى باشلاپ، ماكانىغا بېسىپ كەلگەن ياۋا توڭگۇزلارنى جازالاش ئۈچۈن بوستانلىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ياۋا توڭگۇزلارنى تېپىپ چەيلەپ، يەر چىشلىتىپتۇ، بىر مۇنچىلىرى قورققىنىدىن يىراق ماكانىغا بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن بارلىق ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە جان - جانىۋارلار ئۆز ماكانىدا خاتىرجەم، باياشات ياشاشقا باشلاپتۇ.

ماقال:

«ئەل قىساسى مىنەلھەق»، «ئاۋامغا زۇلۇم سالغان، جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ.»

www.uyghurkitap.com

# تۆلكە بىلەن تاشپاقا

ئەتىياز پەسلىدە سۇ ئاپتى كېلىپ، دەريا بويىدا يەيدىغان ھېچنەرسە قالماپتۇ. ئاچ تۆلكە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئارالدا ئۆتلاپ يۈرگەن توشقانلارنى كۆرۈپ سۇ ئۈزەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان تاشپاقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈكۈپتۇ ۋە تاشپاقىغا قاراپ:

- ئەي ياۋاش دوستۇم، ئاۋۇ ئارالدىكى ياۋا مېۋىلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ بېرىپ يېسەڭ بولمامدۇ؟ - دەپتۇ. تاشپاقا ئىرىنچەكلىك بىلەن ئارال تەرەپكە قاراپ قويۇپ:

- كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ مېۋىلەر دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرسا، مەن قانداق ئېلىپ يېيەلەيمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تاشپاقىدىن دەل شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغان تۆلكە ھېجىيىپ تۇرۇپ:

- ھە، راست، سەن دەرەخكە چىقالمايسەن-دە، قېنى بوپتۇ، مەن ساڭا ياردەم قىلاي، سەن مېنى شۇ تەرەپكە ئېلىپ بارغىن، مەن ساڭا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ بېرەي بولامدۇ؟- دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تاشپاقا تۆلكىنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنۈپ، تۆلكىنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئارالغا ئۈزۈپ بېرىپتۇ. ئارالغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تۆلكە تاشپاقىنى سۇ بويىدا ساقلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقتا توشقان باللىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ يەپ، قارنىنى تويغۇزۇپ، شىرنىلىك مېۋىلەرنى تاما قىلىپ ساقلاپ تۇرغان تاشپاقىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

ۋاي ئاداش، تەلەيسىزلىكىڭگە قارىمامسەن، مېۋىلەر تېخى

پىشماپتۇ، بەكلا توڭگەن، چىشىڭ ئۆتمىگىدەك، ئەتە كېلەيلى، بەلكى پىشىپ قالار، - دەپتۇ. تاشپاقا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ ئۇنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

تاشپاقا ئەتىسى يەنە تۈلكىنى ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈپ، دەريادىن ئۈزۈپ ئارالغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ تۈلكىنىڭ گەپلىرىدىن سەل گۇمانلىنىپ، ئارقىسىدىن ئاستا - ئاستا مېڭىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، تۈلكە بىخارامان هالدا، توشقان باللىرىنى قوغلاپ يۈرگۈدەك، دەرەخلەرگە قارىسا مېۋە تۈگۈل، دەرەخلەر تېخى چېچەكمۇ ئاچماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دەريا بويىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزى يالغۇز ئۈزۈپ كېتىپتۇ. تۈلكە بولسا ئۆيىگە كېتەلمەي، ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ماقال:

«باشقىلارنى ئالدىساڭ، ئورەككە ئۆزۈڭ چۈشىسەن.»

كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق توشقان

بىر توشقان قېچىپ يۈرۈپ ئېھتىياتسىزلىقتىن تۈلكىگە تۇتۇلۇپ قاپتۇ. تۈلكە ئۇنى يېمەكچى بولۇپ، يېقىنلاشقاندا ئەقىللىق توشقان بېشىنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ:

- ئامانەت، ئامانەت، ئىسست ئامانەت، - دەپ ۋايساشقا باشلاپتۇ.

- نېمە ئامانەت؟- دەپ سوراپتۇ تۈلكە بۇ گەپنىڭ تېگىگە قىزىقىپ. توشقان ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭغا:

ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدە ئىككى دوستۇم مېنى ساقلاپ تۇراتتى، شۇلارغا دەيدىغان ئامانەت گەپ بار ئىدى، دېيەلمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تۈلكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ «توختاپتۇر، ئۇنىڭ ئىككى دوستىنىمۇ قوشۇپ يېمەيمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ ئامانىتى نېمىدۇ، ئۇنىمۇ بىلىۋالاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە توشقانغا قاراپ:

- قېنى ماڭ، ئاۋۋال دوستلىرىڭغا دەيدىغان ئامانەت سۆزلىرىڭنى دەۋالغىن، سېنى ئاندىن كېيىن يېسەممۇ كېچىكمەيمەن، - دەپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئەقىللىق توشقان تۈلكىنى باشلاپ، داۋاندىن ئۆتۈپ، ئالدىنقى كۆنلەردە كۆرۈپ قويغان ئوۋچى قاپقىنىدىن ئاۋايلاپ ئاتلاپ ئۆتۈپ، بىر تۆشۈكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

- بوز توشقان، ئاق توشقان مەن كەلدىم چىقىڭلار، - دەپ توۋلاپتۇ. تۈلكە نەپسى تاقىلداپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەمدى

ئېگىشىپ قاراي دېيىشىگە «تاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك ئارقا پۇتى قاپقانغا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

ئەقىللىق توشقان سەل نېرىراق بېرىۋېلىپ:

- ۋاي ئاچكۆز تۈلكە، ئامانەت گەپنىمۇ ئاڭلاپ قوي:

نەپسىڭنى يىغمىساڭ، بېشىڭغا پالاكەت ياغىدۇ، - دەپتۇ.

ماقال:

«نەپسىڭ بەك يامان بولسا، قالماس جېنىڭ ھېچ ئامان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

# ئوغرى مۆشۈك بىلەن توغرا مۆشۈك

يىراق يېزىدا يالغۇز ياشايدىغان بىر كەمپىرنىڭ بىر ئۆچكىسى بىلەن ئىككى مۆشۈكى بار ئىكەن. سېرىق مۆشۈك ياۋاش ۋە پاكىز ئىكەن. قارا مۆشۈك بولسا كەپسىز ۋە پاسكىنا ئىكەن.

كەمپىر ئۆچكىسىنى سېغىپ چاي سۈتلەپ ئىچىدىكەن. قالغان سۈتنى قېتىق ئۇيۇتۇپ تەكچىگە قويۇپ قويىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ تەكچىدىكى ياغاچ تاۋاقتا ئۇيۇتۇپ قويغان قېتىقنى مۆشۈك يەۋالىدىغان بوپتۇ. موماي ھەرقانچە قىلىپمۇ قېتىقنى قايسى مۆشۈكنىڭ يېۋالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. قارا مۆشۈك بولسا:

- قېتىقنى ئۇ يېۋالدى، - دەپ سېرىق مۆشۈكنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاپتۇ. سېرىق مۆشۈك بولسا بېشىنى چايقاپ:

- ياق، مەن يېمىدىم، - دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

كەمپىر بىر كۈنى ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ تالادىن بىر سىقىم بۇدۇشقاق ئۇرۇقنى تېرىپ كىرىپ قېتىق ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قارا مۆشۈكنىڭ تۇمشۇقلىرىغا بۇدۇشقاق ئۇرۇقلىرىنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدىۋېتىپتۇ.

ماقال:

«باشقىلارغا قارا چاپلىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ بېشىغا ياندۇ.»

# شىر بالىسى ۋە تۆلكە

يالغۇز ئۇۋغا چىققان شىر بالىسى ئىككى قېتىم قوغلاپ قاچۇرۇپ قويغان بىر مەككار تۆلكىنى ئۈچىنچى قېتىم تۇتۇۋاپتۇ. شىر بالىسى خۇشاللىقىدا كۆرەڭلەپ:

- ئەي قۇۋ تۆلكە، ئاچچىقىمدا سېنى قانداق قىلىپ يەۋەتسەم بولا؟ - دەپتۇ. تۆلكە چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

- تەخسىر، ئەگەر ئەڭ لەززەتلىك مەزە قىلىمەن دېسىلە، كاۋاپ قىلىپ يېسىلە بېگىم، - دەپتۇ.

- ھەي ئەخمەق، بۇ يەردە ئوتۇن بولمىسا، ئوت يالقۇنى بولمىسا، سېنى قانداق قىلىپ كاۋاپ قىلالايمەن،- دەپتۇ تۆلكە بىر ئاز قىزىقىپ. تۆلكە بولسا ئىشىنىڭ ئەپلىشىۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھېجىيىپ تۇرۇپ:

- تەخسىر، ئوتۇننى مەن تېرىپ بېرىمەن، چوغنى بولسا خۇدايىم بېرەر،- دەپتۇ. شىر بالىسى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ:

- ماڭ، ئۇنداق بولسا، ئوتۇن تېرىپ كەل، - دەپ ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ.

تۆلكە كەچ كىرگىچە ئالدىرىماي ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، كەپە ئۆيدەك دۆۋىلىۋېتىپتۇ. ئەمما قېچىپ كېتىشكە ھېچ پۇرسەت بولماپتۇ.

شۇ ئەسنادا بىر يولۇچى كىشى كېلىپ بۇنچە كۆپ ئوتۇننى كۆرۈپ توختاپتۇ ۋە قانداق ئېلىپ كېتىشكە ئەقلى يەتمەي، بېشى قېتىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ

بىر هازادىن كېيىن ئەتە ئۇلاغ ئەكىلىپ ئارتىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ، چوغنى يەرگە تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

شىر بالىسى مۈكۈپ تۇرغان يېرىدىن تۈلكىنى ئالدىغا سېلىپ ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا ئوتۇنمۇ تاماكا چوغىدا تۇتۇشۇپ بىرياقتىن قاپقارا ئىس چىقىرىپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

ـ مانا ئەمدى ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتاي غوجام، پىشقاندا مېنى چاقىرىۋالا، ـ دەپتۇ تۈلكە. ئۇ ئالدىرىماي پەم بىلەن ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئوت يالقۇنى تېخى تۇتاشمىغان تەرىپىدىن كىرىپ، ئۇ تەرەپكە چىقىپ، ئورمانغا قېچىپ كىرىۋاپتۇ.

شىر بالىسى ساقلاۋېرىپ تاقەتسىزلىنىشكە باشلاپتۇ. ئوت بولسا تۇتۇشۇپ، گۈلخاندەك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ قانچە قېتىم توۋلاپ چاقىرسىمۇ تۈلكە چىقمىغاندىن كېيىن، جان ئاچچىقىدا غەزەپلىنىپ كۆزىگە هېچنىمە كۆرۈنمەي، تۈلكىنى ئىزدەپ ئوت يالقۇنى ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ- يۇ كاۋاپ بولۇپ كۆيۈپ كېتىپتۇ.

ماقال:

«نەپسىڭ گويا بالادۇر، ھەر كويلارغا سالادۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھېكايە ۋە نەسرلەر

## بىر شاپىلاق

ئۇ چاغلاردا مەن تولىمۇ كىچىك بولسام كېرەك، بەزى ئىشلار غۇۋا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. دادام دائىم جىددىي قىياپەتتە ئاپامغا:

- بالا دېگەننى كىچىكىدىنلا ئائىلە ئىشىغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك، - دەپ سۆزلەيتتى. ئاپام گويا بۇ قاراشلارغا قوشۇلمايدىغاندەك، ئۇلار بىر ھازا سۆھبەتلىشەتتى.

بىر قېتىم دادام مېنى ئاشخانىدىن ئىككى تەخسە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى. بۇ بەلكىم ھېلىقى ئەقىدىسى بويىچە ئىش قىلغىنى بولسا كېرەك، مەن ئۈستەل ئۈستىدىكى كىچىك تەخسىلەردىن ئىككىنى ئالدىم. دادامنىڭ ئىشقا بۇيرىغىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولغانىدىم. ئاۋايلاپ مېڭىپ مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىشىمگە نېمىشقىدۇر خىيالىم رادىئودىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. تۇيۇقسىز قولۇمدىكى تەخسە جاراڭلاپ يەرگە چۈشكەندە قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. كۈتۈلمىگەن بۇ پالاكەتچىلىك مېنى بەكمۇ ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

- ھوي گالۋاڭ! - ئاپام كەلگىنىچە شاپىلاق بىلەن يۈزۈمگە بىرنى سالدى - دە، يەرگە ئېگىشىپ تەخسىنىڭ سۇنۇقلىرىنى قولىغا ئېلىپ دادامغا كايىشقا باشلىدى:

- ماڭا ئېيتسىڭىز بولماسمىدى، بۇ كىچىك بالىنى ئىشقا بۇيرۇغىچە!

مەن تاياق، ھەم تىل زەربىسىدىن شۇنداق قورقۇپ كەتتىمكى، كۆزۈمنى ئاپامدىن قاچۇرۇپ دادامغا تىكتىم ۋە يالۋۇرغان قىياپەتتە

تەلمۈردۈم. دادام گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ مېنى يېنىغا چاقىردى ۋە قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

– ھېچنېمە بولمايدۇ، بالام، نېمە بولدى؟ پۇتۇڭغا بىر نەرسە پۇتلىشىپ كەتتىمۇ؟ – دەپ سورىدى.

مەن رادىئوغا قارىدىم. دادام مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەنىدى.

– ھە مۇنداق دېگىن، ئەسلىدە رادىئودا سەن ئامراق ناخشا چېلىنىۋاتقان ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئولتۇرغىن، ئىككىمىز ئەگىشىپ ئېيتىمىز، – دادامنىڭ سۆزى مېنىڭ جىددىيلىك ئىچىدە سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنى جايىغا چۈشۈردى. ئاپام بولسا كايىغىنىچە تەخسە سۇنۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ تېخىچە بىر نەرسىلەرنى دەپ مېنى ئەيىپلەۋاتاتتى.

ئاپام شۇ كۈنى پەقەتلا چىراي ئاچمىدى، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ كەچكىچە بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، كەچتە گەرچە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بولسامۇ، بىراق پۈتۈن خىيالىم ھېلىقى تەخسىدە بولۇپ بەكمۇ بىئارام بولدۇم. مەن زادى قانداق قىلىمەن، قانداق قىلىشىم مۇمكىن؟

شۇ چاغدا دادام بىلەن ئاپامنىڭ ياتاق ئۆيدىكى سۆھبىتى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

– كىچىك بالا دېگەننى كىچىكىدىن باشلاپلا...، – دادام يەنە ھېلىقى سۆزنى تەكرارلاۋاتاتتى. ئاپام بولسا:

– سىز نېمە بىلىسىز؟ چوڭ بولغاندا ھەممىنى ئۆزى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇ پالاكەتنى ئىشقا بۇيرىسا زىيان سالغىنى سالغان.

– ھەي كىچىك ئەمەسمۇ، ئاستا – ئاستا ئۆگىنىدۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن تالاشتى. كېيىن قانداق بولغىنىنى مەنمۇ

ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ ھازىرغىچە ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يەنە ئىككى قېتىم چىنە - قاچىنى چېقىۋەتتىم، ھەر قېتىمدا ئوخشاشلا ئاپام ئىشقا بۇيرىغاندا چېقىلدى. ئەمما دادام ئىشقا بۇيرۇسا يۈرەكلىك ھالدا دەرھال بىمالال ئورۇندىيالايمەن، ئاپام ئىشقا بۇيرىسا نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ كېتىمەن - دە، بىرەر پالاكەتچىلىك كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ھېلىقى بىر شاپىلاق زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ.

# بىر كاللەك ناۋات

مەن ئۇ چاغلاردا بەكمۇ كىچىك بولسام كېرەك. دادامنىڭ ياكى ئاپامنىڭ خەجلەش ئۈچۈن پۇل بەرگەنلىكىنىمۇ ئېسىمگە ئالالمايمەن. ئەيتاۋۇر ئۆيىمىزدىن نامراتلىق پۇراپ تۇراتتى.

بىر كۈنى مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بەكمۇ توڭلاپ كەتتىم. مەن ئازراق ئىسسىنىۋالماقچى بولۇپ ماگىزىنغا كىردىم. ماگىزىننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشتە ئوت چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ يوغان كانايلىرىمۇ قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، يېقىن بارغىلىمۇ بولمايتتى. مەن ئوبدان ئىسسىنغاندىن كېيىن، پۈكەيدىكى ھەرخىل يېمەكلىكلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتىمەن، شۇ ئەسنادا بىرسى بېشىمنى سىلاپ:

- ۋوي، بۇ ئاكامنىڭ بالىسىغۇ؟ - دېدى. قايرىلىپ قارىسام ئۆيىمىزگە ئاندا - ساندا كېلىپ تۇرىدىغان ھاماچام ئىكەن، ئۇ ئۆيدىكىلەرنى سورىغاندىن كېيىن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بەش موچەن پۇلنى ئالدى ۋە:

- مە، تاتلىق ئەپ يېگىن، - دەپ ماڭا بېرىپ چىقىپ كەتتى.

مەن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتىم، پۇلنى مەھكەم سىقىمدىغىنىمچە يۈگۈرۈپ ئۆيگە بېرىپ ئاپامغا بەرگۈم كېلىپ كەتتى. لېكىن يەنىلا توختاپ قالدىم. ئۇدۇلۇمدىكى پۈكەيدە گۈنجۈتتىن ياسالغان تاختا كەمپۈت بىلەن ھەرخىل شاكىلاتلار تىزىقلىق تۇراتتى. ھاماچام تاتلىق ئېلىپ يە، دېدىغۇ؟ قايسىسىنى ئېلىپ يەي، قانچىلىك بېرەر؟ چوقۇم يېرىمىنى ئۇكامغا ئالغاچ كېتىمەن، ۋوي ئاپامچۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئاپام ئۆتكەندە مېھماندىن يېنىپ كېلىپ تۆت تال خورمىنى ئۆزى يېمەستىن، ئۇكام ئىككىمىزگە بۆلۈپ بېرىپ، بىزنىڭ يەپ بولغىچە قاراپ تۇردىغۇ؟ «ئاپا سىزمۇ يەڭ» دېسەم، «ياق بالام، سىلەر يېسەڭلار، مەن يېگەندەك بولىمەن» دەپلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كۆز يېشى قىلدى. چوقۇم ئاپامغىمۇ ئالغاچ بارىمەن، ياق ئۆزۈممۇ يېمەي ھەممىنى ئۆيگە ئېلىپ بارىمەن.

مەن ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىرى بىر نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇكەي ئالدىغا كەلدىم. پىرىكازچىكنىڭ ھەيدىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ پۇلنى كۆرگەندەك قىلىپ قولۇمدا تۇتۇۋالدىم. پېچىنىلەر، كەمپۈتلەرنىڭ قايسىسىنى ئېلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، كۆزۈمگە ناۋات چېلىقىپ قالدى. ناۋات بەكمۇ تاتلىق نەرسە، قاچاندۇر بىر چاغلاردا دادام ئىشتىن قايتىپ كېلىپ يانچۇقىدىن قەغەزگە ئورالغان بىر پارچە ناۋاتنى چىقىرىپ ئاپامغا سۇنغان ئىدى. ئاپام دادامغا زورلىدى. ئاخىرى ئاپام تۆت پارچە قىلىپ دادامنىڭ ئاغزىغا بىر پارچىنى سېلىپ قويدى. ئۆزىنىڭكىنى بولسا يەنە قەغەزگە يۆگەپ قولىدا سىقىمداپ تۇردى. مېنىڭ خىيالىم ئاغزىمدىكى تاتلىق ناۋاتتا بولغىنى بىلەن، كۆزۈم ئاپامنىڭ قولىدىكى ناۋاتتا ئىدى. ئۇكام ئىككىمىز بىردەمدىلا يەپ بولۇپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاپام قولىدىكى ناۋاتنى يەنە ئىككىگە بۆلۈپ بىزگە بېرىۋەتتى. مەن قاقتەك ناۋاتنى ئاغزىمغا سېلىپ بولۇپ: «ئاپا سىز ئۆزىڭىز يەڭ» دەپ تەڭلىدىم. ئاپام ئۈنىمىدى. مەن ئاپامنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ ئاغزىمدا ئاپامنىڭ ئاغزىغا ناۋاتنى سېلىپ قويدۇم، ئاپام شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر تىترەپ كەتتى، ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ناۋاتنى بىرلا شوراپ ئالدى ـ دە، يەنە قايتۇرۇپ مېنىڭ ئاغزىمغا سېلىپ قويدى. بىر يۇتۇم تاتلىق شىرنىنى يۇتۇش بىلەن تەڭ، ئاپامنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆز- ئۆزىگە ئاستاغىنە:

ـ خۇدايىم، قاچانمۇ ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ ئىچىدىغان

ۋاقىتلار كېلەر، - دەپ پىچىرلىدى.

مەن شۇلارنى ئويلاپ ناۋات سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ناۋاتنى ئالسام ئاپام چوقۇم خۇش بولىدۇ، كۈلۈپ كېتىدۇ، مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلاي، بىچارە ئاپامنى بىر خۇش قىلاي.

پۇلنى پىرىكازچىكقا تەڭلىدىم، ئۇ ئۆلچەپ بەرگەن ناۋات مېنىڭ مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، دادام ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ناۋاتتىن خېلىلا چوڭ ئىدى.

مەن ناۋاتنى ئاۋايلاپ بوغچامغا سالدىم- دە، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. خۇشاللىقىمدىن قىن - قىنىمغا پاتماي كەتتىم. ئاپامنىڭ خۇش چىرايى، كۈلكىسى كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى.

- ئاپا! ھاماچام بەش موچەن پۇل بەردى، ناۋات ئالدىم، - مەن ئىشىكتىن كىرىپ، ئالدىراپ ۋارقىرىدىم ۋە ناۋاتنى ئېلىپ ئاپامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم.

- ئاپلا! ئاپام كۈلمىدى. ئەكسىچە بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىكى، مېنىڭ يۈز كۆزۈم ھۆل بولۇپ كەتتى، ئاپامنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى مۇشۇ كۈنگىچە بىلمەيمەن.

# قىزىل رەڭلىك پۇل

بالىلىق چاغلىرىم ئىدى. مەھەللىمىزدىكى خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدى بىزنىڭ «پۇتبول مەيدانىمىز» ئىدى. مەن ھەركۈنى مەكتەپتىن كېلىپ، ئەنە شۇ يەردە ھارغىچە توپ ئوينايتتىم. ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ئاياغنى يىرتتىڭ دەپ ئەيىپلىشىدىن قورقۇپ، يالاڭاياغلا ئويناۋېرەتتۇق.

بىر كۈنى دادام مېنى توپ ئويناۋاتقان يەردىن چاقىرىپ ئالدى ۋە گەپ قىلماستىنلا يېتىلەپ ماڭدى. چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار - قاتار دۇكانلار بولۇپ، دوقمۇشتا «دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى باققال دۇكىنى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان يەل - يېمىش دۇكىنى بار ئىدى، دادام مېنى ئاشۇ دۇكانغا يېتىلەپ كىردى. بۇ تاسادىپىيلىقتىن مەن بەكمۇ خۇشاللىنىپ كەتتىم. چۈنكى دادام ماڭا ئەزەلدىن بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ بەرمەيتتى. مېۋە - چېۋىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كېلەتتى- دە، پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ھەممىمىزگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. شادلىقىم بىردەمدىلا يوققا چىقتى، دادام ئۇدۇل بېرىپ باققال دۇكىنىدىكى سېمىز ئادەمنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، - باققال كېلەڭسىز بەدىنىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ دادامنىڭ ئالدىغا كەلدى- دە، ئىككى قولىنى ئۇزاتتى ۋە توختىماي ئەھۋال سوراشقا باشلىدى. قارىغاندا ئۇ كىشى دادامنى تولىمۇ بەك ھۆرمەتلەيدىغاندەك قىلاتتى. دادام ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

- خۇدا بەردى ئاخۇن، ئۆزلىرى بىلىلا، مۇشۇ كۈندە باللار بەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەپەندىلىرى قانداق ئۆگىتىدىكىن تاڭ، مەكتەپتىن كېلىپلا كوچىغا يۈگۈرگىنى يۈگۈرگەن. ئالدىنقى ھەپتىدە مەھەللىدىكى باللار ھاڭ دەرۋازىسىدىكى سېپىلدا تاش ئېتىشىپ ئويناپ، سېپىلنىڭ ئىچىدىكىلەردىن بىر نەچچىسىنىڭ بېشىنى يېرىپ قويۇپتۇ. ساقچى كېلىپ بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدى. شۇڭا بۇ بالىنى سىلىگە ئېلىپ كېلىشىم.

خۇدا بەردى ئاخۇن: «شۇنداق، شۇنداق، ئوبدان» دېگىنىچە دادامنىڭ ئاغزىغا قاراپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى. دادام ماڭا بىر قاراپ قويۇپ يەنە داۋاملاشتۇردى:

- بالا ھەركۈنى مەكتەپتىن كېلىپ ئىككى - ئۈچ سائەت سىلىگە ياردەملەشسۇن، يەكشەنبە كۈنى مىدىرلىماي ئىشلىسۇن، بۇلارنىڭ تەقدىر - پېشانىسى قانداق بولىدۇ، خۇدا بىلىدۇ. ئانچە - مۇنچە سودا - سېتىقنى بولسىمۇ ئۆگەنگەچ تۇرسۇنمىكىن.

- ئوبدان، ناھايىتى بەلەن بوپتۇ. جانابلىرىنىڭ پەرزەنتىگە ئىش ئۆگەتمەك بىزگىمۇ ساۋاب دېسىلە، - باققال ھجىيىپ تۇرۇپ تازىم قىلدى. شۇنداق قىلىپ مەن بالا باققال بولۇپ قالدىم.

دۇكاندا يېشىل ئۈزۈم، ئەنجۈر قېقى، قىيامدا قاتۇرۇلغان كۈنجۈت تاختىسى، پەشمەت، شۇنىڭدەك كۆك پاشكا قەنتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى سېتىلاتتى. جاھازىلارغا تىزىقلىق تۇرغان ھەممە نەرسە ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىسكىلاتتا يەشىك- تاغارلاردا تولۇپ ياتاتتى. ھەر قېتىم بىرەر ئىش بىلەن ئۈستىگە چىققىنىمدا ئەڭ ئېسىللىرىدىن بىر نەچچىنى يەۋالاتتىم- دە، ئاغزىمنى ئېرتىۋېتىپ قايتىپ چۈشەتتىم. ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى تاختايغا يېزىپ قويۇلغان بولسىمۇ، كىرگەن خېرىدارلار ئەتەيگە سورىغاندەك باشقىدىن باھاسىنى سۈرۈشتە قىلاتتى. سېمىز خوجايىن بولسا

جاۋابمۇ بەرمەستىن تاختاينى كۆرسىتەتتى. ئورۇق، قارامتۇل، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئەمما پارقىراپ تۇرىدىغان تاھىراخۇنكام بولسا كىرگەن خېرىدارلارغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ مال ئالىدىغان ـ ئالمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىۋالاتتى ـ دە، شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلاتتى.

مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ھەممە نەرسىنىڭ ئىسمىنى، باھاسىنى ئوبدانلا بىلىۋالدىم. خېرىدارلارغا جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بېرەتتىم، ئەمما تارازا تۇتۇشنى بىلمىگەچكە ساتمايتتىم. دۇكان تازىلاش، ئەخلەت تۆكۈش، يۈگۈر يېتىم ئىشلار ماڭا قاراشلىق ئىدى. ئادەتتە بولسا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ كاللەك بولۇپ قالغان ھەرەم خورمىسىنى بىر ـ بىرلەپ پارچىلاپ چىقاتتىم. خۇدا بەردى ئۇستام مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدى.

ـ مانا ئەمدى قولۇممۇ بوشاپ قالدى، زېرىكسەم تالا ـ تۈزگىمۇ چىقىپ كىرەلەيدىغان بولدۇم، ـ دەيتتى ئۇ يېنىمىزدىكى كاۋاپچى دىملەپ كىرگەن چاينى ئىچكەچ مېنى ماختاپ. ئۇ ماڭا ھەر كۈنى دۇكان تاقايدىغان چاغدا قىزىل رەڭلىك پۇلدىن بىرنى يەنە بىر سوم ۋە بىر ھەر چاڭگال خورما ياكى باشقا مېۋە بېرەتتى. پۇلنى ئاپامغا، مېۋىلەرنى ئۇكىلىرىمغا بېرەتتىم. بۇ ئىشىمدىن ئۆزۈممۇ بەك خۇشال ئىدىم.

لېكىن ئورا كۆزلۈك قارا ئادەم نېمىشقىدۇر ماڭا ئۆچ ئىدى. بىكاردىنلا ھومىيىپ قاراپ قوياتتى ۋە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارغا بۇيرۇۋېرەتتى. قەستەن گەپكە سېلىپ ئاخىرىدا ئۆزى مات بولۇپ قالاتتى.

خۇدا بەردى ئاخۇن ئۇستام ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سىرتقا چىقىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مېنى پۇل سېلىنىدىغان چوڭ غەللىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى ـ دە، مىدىرلىماسلىقنى جېكىلەيتتى. ئاندىن تاھىراخۇنغا:

- بالا ئىش قىلماي، مىدىرلىماي ئولتۇرسۇن، بىر ياققا چىقمىسۇن. ئۇبدان قاراپ قويسىلا جۇمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەللىنى يالغۇز قويۇش تۈزۈمگە خىلاپ، - دەيتتى.

ئۇستام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئورا كۆز ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كېتەتتى. نېمىنىدۇر تىمىسقىلاپ ئەتراپنى چۆرگىلەيتتى. بىر قېتىم ئۇ خېرىدارغا مالنى ئۆلچەپ سېتىپ بولۇپ، پۇلنى ئالدىدىكى قەغەز كورۇپكىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. مەن خېلى كۈتكەن بولسامۇ غەللىگە تاشلىمىغاندىكىن، چىدىماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا كەلدىم ۋە:

- تاھىراخۇن ئاكا، ماۋۇ پۇلنى غەللىگە سېلىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز، - دېدىم - دە، پۇلنى ئېلىپ غەللىگە سالدىم.

- شۇنداق، ئۇنتۇپتىمەن، - ئۇ ماڭا شۇنداق سەت ئالايدىكى، ئورا كۆزلىرى قاپقارا تۆشۈكتەكلا كۆرۈنۈپ، قورققىنىمدىن دۈگدىيىپ كەتتىم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مېنى نېرىقى دوقمۇشتىكى موخۇركىچىدىن موخۇركا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، قۇتىسى بىلەن بىر موچەن پۇلنى تەڭلىدى. مەن ئۇستامنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ:

- خۇدا بەردى ئاخۇنكام مىدىرلىما دەپ تاپىلىغان، - دېدىم.

- ماڭە، دانىشمەن ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەي، - ئۇ ئالايغىنىچە قولۇمدىن تارتىپ ئىشىككە ئىتتەردى. تۇيۇقسىز كاللامغا دۇككاندىكى قەغەز پاچكىلىق موخۇركا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

- دۇكىنىمىزدا سېتىلىدىغان موخۇركا بار ئەمەسمۇ؟ - دېدىم جاھازدىكى موخۇركىنى كۆرسىتىپ.

- ئاتىكاچىلىق قىلماي ماڭ دەيمەن، ھۆكۈمەت موخۇركىسى بوش، مەن جېنى بار موخۇركىدىن چېكىمەن، بېرىپ ئاچچىقىدىن

دەپ ئـال.

مەن مەجبۇرىي ھالدا موخۇركا ئالغىلى چىقىپ كەتتىم ۋە بىردەمدىلا قايتىپ كېلىپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇستام كەلدى.

كەچكە يېقىن مەن ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئىسكىلاتنى تازىلاۋاتاتتىم، ئۇستام پەستە غەللىنى ساناپ قالغان ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇستامنىڭ قاتتىق ۋە قوپال ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم:

ـ تاھىراخۇن بۈگۈن غەللىگە سوغۇق قول تەگكەندەك قىلامدۇ- نېمە ؟

ـ يوغۇسۇ ئۇستام، بۈگۈن سودا ئاز بولدى.

ـ ياقەي مېنىڭمۇ كاللام بار. سودا ئاز بولسا غەللىگە كىرىپ بولغان پۇلمۇ ئازلاپ كەتمەس، غەللە يالغۇز قالغانمىدى؟

ـ يوغۇسۇ، يالغۇز قالغىنى يوق، سىلى چىقىپ كەتكەندە «دانىشمەن» مىقتەك ئولتۇردى.

ـ ھوي بالام، بۇياققا چۈشكىنە، ـ ئۇستام مېنى چاقىردى. مەن ئالدىراپ چۈشتۈم. ئۇستامنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھەمدە گېپىنى ئاڭلىغىنىمدا يەنە تالاغا چىقىپ كەتكەن گۇناھىم ئۈچۈن قورقۇپ تىترەپ كەتتىم.

ـ غەللە يالغۇز قالغانمىدى؟ ـ دەپ سورىدى ئۇستام، تەمتىرەپ كەتكىنىمدىن ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالدى:

ـ ھەئە... ئۇستام، تاھىراخۇنكامنىڭ موخۇركىسى...، ـ دېيىشىمگە، تاھىراخۇنكام ئاغزىمدىن گەپنى تارتىۋېلىپلا:

ـ ھە راست، سىلە چىقىپ كەتكەندە موخۇركام تۈگەپ كېتىپ، دۇكاندا بۇ يالغۇز قالغا ئىدى، ـ ئۇ مېنى كۆرسىتىپ يالغان ئېيتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىدىن «ئەگەر راستىنى سۆزلەيدىغان بولساڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەندەك تەھدىت چىقىپ تۇراتتى، مەن

سۆزلىمەي جىم تۇردۇم. ئۇستام ماڭا بىر هازا قارىدى. ئاندىن قولىغا قىزىل رەڭلىك پولدىن ئىككىنى ئېلىپ سىلكىپ تۇرۇپ:

— يوقال كۆزۈمدىن هارام تاماق، دۇكانغا ئىككىنچى دەسسىگۈچى بولما، — دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم — دە، ئىش هەققىنىمۇ ئالماي يىغلىغىنىمچە چىقىپ كەتتىم ۋە ئۇستامنىڭ:

— تاھىراخۇن، بۈگۈن پەقەت مەنلا قىزىل رەڭلىك پولدىن تۆتنگە سودا قىلغانىدىم، غەللىدە ئىككىسى قاپتىغۇ؟!، — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم.

بولغان ۋەقەنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم، داداممۇ مېنى قايتا ئۇ دۇكانغا ئەۋەتمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى ئورا كۆز كىشى دۇكاندىن يوقالدى، ئورنىغا بىر ياش بالا كەلدى.

مېنى ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنلۈك ئىش هەققىم — قىزىل رەڭلىك پولدىن مەھرۇم قىلغان ھېلىقى ئورا كۆز قارا ئادەم تا هازىرغىچە كوچىلاردا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇ نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك ئالىيالمايدۇ. ئەكسىچە مۆكچەيگەن گەۋدىسىنى كونا چاپىنىنىڭ ئىچىگە تۈگۈپ ئىتتىك يەرگە قارىۋالىدۇ — دە، گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كاۋاپچىنىڭ ئوغلى

ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقى ھەر كۈنى دېگۈدەك خوددى جىنى شورىۋېلىنغاندەك ئاپئاق ئاقىرىپ تۇراتتى، بەزىدە بولسا ئىششىپ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ خەت يازالمايتتى، لېكسىيە يازالمايتتى، كونسپېكت كۆچۈرەلمەيتتى…

سىنىپتىكى بالىلار ئۇنى «كاۋاپچىنىڭ ئوغلى» دەپ چاقىراتتى. بۇ كېلىشمەسلىككە مەن سەۋەبچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىل بولاتتىم. بىر كۈنى، ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز ئۇنى كىتاب ئوقۇماي، شېئىر يېزىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ تەنقىدلىدى:

– كىيىملىرىڭنى ئاپاڭ يۇيۇپ بەرسە بولمامدۇ؟ بەئەينى جوۋازچىنىڭ بالىسىغا ئوخشاپ قاپسەن…

مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە مەن ئالدىراپ لوقما سالدىم:

– مۇئەللىم ئۇ كاۋاپچىنىڭ ئوغلى.

مۇئەللىم بالىلارغا قوشۇلۇپ تەڭ كۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ سۆز ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالدى. ئۇ سىنىپىمىزدىكى ئەلاچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئىمتىھاندا نومۇرى توقسان بەشتىن چۈشۈپ كەتمەيتتى. سىنىپ مەسئۇلىمىز رۇقىيە ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ دەرس ئارىلىقىدا سورايدىغان سوئاللىرىغا تېز، توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغان ھازىر جاۋابلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا: «ھېمىت توغرا دېدى… ھېمىتنىڭ

جاۋابى توغرا... ياخشى، مانا ھېمت توغرا چۈشىنىپتۇ...» دەپ كۆپ ماختايتتى.

ھېمت تەنتەربىيەگىمۇ قىزىقاتتى، يۈگۈرۈش دېمىسىز، يىراققا سەكرەش دېمىسىز، ھامان ئۇ ئالدىنقىلار قاتارىدا تۇراتتى.

— ھە، ھېمت پالۋان! يارايسەن ئوغلۇم! — دەيتتى تەنتەربىيە مۇئەللىمىمىز.

مۇئەللىملەر ھېمتنى ھەربىر ماختىغىنىدا، باللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارىشاتتى، ھېمت بولسا، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتەتتى. ئەمگەك، تازىلىق قىلغان چاغلاردا، ئۇ ئەڭ ئېغىر ئىشلارنى قىلاتتى، ھاردىم — تالدىم دەپ قاخشىمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەللىلىك بولسامۇ، باردى — كەلدىمىز ئانچە قويۇق ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى، سىنىپ مەسئۇلىمىز ماڭا:

— ئەنۋەر، سەن سىنىپ باشلىقى بولغاندىكىن، باشقىلارغا كۆپرەك ياردەم قىلغىن، ھېمت يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قالمىسۇن، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مەكتەپكە بىللە بارىدىغان ۋە مەكتەپتىن بىللە قايتىدىغان بولدۇق. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ مېنى چاقىراتتى.

بىزنىڭ دوستلۇقىمىز شۇنىڭ بىلەنلا چەكلەندى. چۈنكى، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنىڭ قولى بوشىمايتتى. ئۇ چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كاۋاپ ساتىدىغان ئاچچىقى يامان شاپ بۇرۇت دادىسىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزەتتى. بۇ رەھىمسىز ئادەمگە مەنمۇ بەك ئۆچ ئىدىم. بىر قېتىم، مەن ھېمتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزۈشىگە قاراپ ئولتۇراتتىم، ئۇ ئادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق ھومىيىپ قارىدىكى، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن قورقۇپ كەتتىم. ئۇ:

— ھوي ھېمت! ئاۋۇ بىكار تەلەپنى ھەيدىۋەت. بىر بىكار مېڭى

بىكار قىلىدۇ، - دەپ ۋارقىرىدى.

مەن ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كېتىۋېتىپ ھىمىتتىن:

- داداڭنىڭ ئاچچىقى بەك يامان ئىكەن- ھە؟ - دەپ سورىدىم.

- ئۇ مېنىڭ دادام ئەمەس، بىزنىڭ... - ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تېزلا يۇتۇۋەتتى. ھە، ئۇ دادىسىنىڭ كاۋاپچى ئىكەنلىكىدىن خىجىل بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىزنىڭ نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئۇنى ھە دېسىلا ئەيىبلەپ تەنقىدلەيتتى. ئەرزىمىگەن كەمچىلىكلىرى ئۈچۈن دۆشكەللەپ كېتەتتى.

بىر كۈنى، تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈلۈۋاتاتتى، مۇئەللىم تۇيۇقسىز دەرسنى توختىتىپ ۋارقىرىدى:

- ھىمىت، تۇر ئورنۇڭدىن!

ھىمىت ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى كىچىك خاتىرىسىنى ئالدىراپ پارتىنىڭ ئىچىگە تىقتى- دە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى.

- يېزىۋاتقىنىڭ نېمە؟ - مۇئەللىم سۇرلۇك قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ھەممىمىز قورققىنىمىزدىن جىمجىت بولۇپ كەتتۇق. مۇئەللىم ئۇنىڭ پارتىسىنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى خاتىرىنى ئالدى-دە، ۋاراقلاپ كۆرۈپ سىنچىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى ۋە:

- دەرس ۋاقتىدا شېئىر كۆچۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟- دەپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.

- مۇئەللىم، ئۇنى ئۆزۈم يازدىم،- ئۇ شۇنداق دېدى، لېكىن چوك بالاغا قالدى.

- ھە؟! بۇ شېئىرلارنى ئۆزۈڭ يازدىڭما؟! دەرسنى تاشلاپ ئۆزۈڭچە شائىر بولماقچىمىدىڭ؟

ـ ياق...

ـ ھە؟! تىلىڭ نېمانداق ئۇزۇن نېمىسەن، مەن ئۆزۈمگە يانغان بالىنى ئوقۇتالمايمەن! چىق سىنىپتىن!

ـ مۇئەللىم، مەن بۇندىن كېيىن...

ـ قۇرۇق گېپىڭنى قوي، چاپسان چىق!

ئۇ نائىلاج بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا چىقىپ كەتتى. ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىدى، مۇئەللىمگە بولسا، ئاچچىقىمىز كەلدى.

ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە مەكتەپكە كەلمىدى. يەكشەنبە كۈنى مەن ئۇنى كۆرگىلى ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى ئېچىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىز رۇقىيە مۇئەللىم بۇ ئۆيدە كىر يۇيۇۋاتاتتى! كارىۋاتتا رەڭگى سارغىيىپ كەتكەن بىر ئايال ئىنجىقلاپ ياتاتتى.

ـ كېلىڭ ئەنۋەر، ـ دېدى مۇئەللىم مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ـ ھېمىتنىڭ ئاپىسى ئۇزۇندىن بېرى ئاغرىق. ئۆي ئىشلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە قىلىشىپ بېرىپ كېلىۋاتىمەن.

مەن رۇقىيە مۇئەللىمدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئەمما ئۆزۈمچە خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. كاللامدىن: «بىزنىڭ مۇئەللىم نېمىدېگەن ياخشى، مەن ھېمىتنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا نېمىشقا سورىمىغاندىمەن؟» دېگەن ئويلار كەچتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپتە بىر خۇش خەۋەر تارقالدى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ھېمىتنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى بېسىلغانىدى. بىز ئىككىنچى سائەت تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە بۇ گېزىتنى ھېمىتنىڭ بوش ئۈستىلىگە يېيىپ قويدۇق. خىيالىمىزدا ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىزنىڭ ھېمىتنى قوغلىۋەتكەن چاغدىكى سۆزلىرى ئۈچۈن ئۆچىمىزنى ئېلىۋالماقچى ئىدۇق. مۇئەللىم سىنىپ ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

ئارىلاپ يۈرۈپ گېزىتنى كۆردى، ئوقۇدى، ئۆگەندى، تاتاردى... شۇنىڭدىن كېيىن دەرسىمۇ تولۇق ئۆتەلمىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشكەندە، سىنىپ مەسئۇلىمىز مېنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئېگىز بويلۇق، قاپىقى يامان مۇدىر بۈگۈن نېمىشقىدۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

- ئەنۋەر، سىز ساۋاقداش ھىمىتنىڭ كاۋاپ ئۆتكۈزىدىغان ئورنىغا مېنى باشلاپ بېرىڭ، ئۇنى بىز ھەيدىۋەتكەندىنكىن، ئۆزىمىز باشلاپ كېلەيلى، - مۇدىر ماڭا شۇ سۆزنى ئېيتتى- دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەل ئۈستىدىكى خاتىرىنى ئالدى. بۇ ھىمىتنىڭ شېئىر يازىدىغان ھېلىقى خاتىرىسى ئىدى. مۇدىر ئۇنى بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىزغا تەڭلەپ:

- قالغانلىرىنىمۇ ئەۋەتىپ بېرىڭ. مەتبۇئاتقا يارىسا ئىشلەتسۇن، بۇ بالىدا ئۈمىد بار. كېلەر ئايدىن باشلاپ ئۇنىڭغا مەكتەپتىن پۈتۈن تەمىنات بېرەيلى، - دېدى.

مەن مۇدىرنى باشلاپ كەلگەندە، ھېلىقى ئاچچىقى يامان شاپ بۇرۇت كاۋاپچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەجەپ تازىم قىلىپ، مۇدىرنى كاۋاپقا تەكلىپ قىلدى.

- ھە، كېرىم ئاخۇن، بىزنىڭ ئوقۇغۇچىمىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتقىلى كەلدىم، رەھمەت سىلىگە. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى دەرسكە قاتنىشالماپتۇ. بۈگۈن ئېلىپ كېتەي.

- ئوبدان، ئوبدان، بالا دەرستىن قالمىسۇن، ھەي... شۇ پۇل دېگەن، ئېغىر ئىش بالىنى نابۇت قىلىدۇ دېسىلە.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، بىز قايتتۇق.

يولدا كېتىۋېتىپ، مەن ھەممىتتىن سورىدىم:

ـ ئاداش، داداڭ ئىشلىگەندىكىن، سەن ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟

ـ دادام «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ئاپەتتە ئۆلۈپ كەتكەن.

ـ نېمە؟ كاۋاپ سېتىۋاتقان ئادەمچۇ؟

ـ ئۇ بىزنىڭ رۇقىيە مۇئەللىمنىڭ دادىسى، مۇئەللىم شۇ كىشىگە تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن بېرى، مەن ئائىلە قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىپ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن.

كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى
www.uyghurkitap.com

## مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن

ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ھاجاخۇن باشقىلاردىن دادىسىنىڭ نۇرغۇن پۇل تاپقان باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلايتتى. ئۇ دادىسىنىڭ شەھەردىن - شەھەرگە ئايروپىلاندا قاتناپ يۈرۈپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە ئۆيگە كىرىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. دادىسى بىلەن ئاپىسى كىلەم ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ نۇرغۇن پۇللارنى - بىر چارەك قىلىنىلىقتىكى مەھكەم چىگىلگەن بولاقلارنى ساناۋاتاتتى. دادىسى ئاپىسىغا:

- مانا بۇ ئونبەش بولاق، بىر يېرىم تۈمەن. يول خىراجىتىمىز ئۈچۈن كەڭتاشا يېتىدۇ، - دېدى. دادامنىڭ كۆرسەتكىنى پۇللارنىڭ ئازلا بىر قىسمى ئىدى. ھاجاخۇن ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئەركىلەپ تۇرۇپ:

- ئاپا، ئاپا، ماڭا ئۈچ يۈەن بەرگىن، «تارىم غۇنچىلىرى» غا يىللىق مۇشتىرى بولىمەن. سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى... - دېيىشىگە دادىسى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

- ئاغزىڭنى يۇم! بوغچاڭدىكى كىتابلىرىڭنى ئوبدان ئوقۇ، - دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى توستى. ئۇ قورقىنىدىن ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى ۋە پەس ئاۋازدا:

- دادا، شۇنچە كۆپ پۇلنى نېمە قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى.

- بالام، - دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا، - بىز پەقەت سېنى بېقىپ

چوڭ قىلىش ئۈچۈنلا پۇل يىغىۋاتىمىز. مانا كۆردۈڭمۇ بۇ پۇللار بىلەن سېنى ھەرەمگە ئېلىپ بارىمىز. ئۇ چاغدا سەن ھەقىقىي ھاجاخۇن بولىسەن.

- مەن بارمايمەن! - ھاجاخۇن نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە چاقماق تېزلىكىدە ساۋاقدىشى ئۈمىدنىڭ دادىسى ئېسىگە كەلگەنىدى، ئۇ دادىسىغا سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئۈمىدنىڭ دادىسى بىزنىڭ مەكتەپكە بەش مىڭ يۈەن بەردى. بىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بويىنىغا قىزىل گالىستۇك تاقاپ بىللە رەسىمگە چۈشتۇق، مەكتەپ ئۇ پۇلغا يېپيېڭى ئۈستەل، ئورۇندۇق سېتىۋالدى...

ھاجاخۇننىڭ دادىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا بۇزۇلدى. ئۇ ھاجاخۇننىڭ سۆزىنى بۇزۇپلا ۋارقىرىدى:

- ھە، بولدى، گېزىتتە كۆردۈم. ئۇ ئەخمەق قېرى ئوتتۇز يىلدىن بېرى موچەنلەپ يىغىپ تاپقان پۇلىنى قېرىغاندا خەجلەپ راھىتىنى كۆرمەي مەكتەپكە بەرگىنىنى، خۇدا ئۇرغان ئەخمەق- تە ئۆزى...

ئۆزۈڭ ئەخمەق! - ھاجاخۇن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. دادىسىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ غولىچىنى كېرىپ بىر شاپىلاق ئۇردى. تويۇقسىز زەربىدىن ھاجاخۇن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى.

- جېنىم بالام، بىزنىڭ غېمىمىز سەندىلا، - دادىسى ئۇنى بەزلەشكە باشلىدى، ھاجاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى يالتىرايتتى، ئاچچىق كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ دېدى:

- ئۇنداق بولسا، مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟! مەن سەندەك تويماس ئادەمنىڭ بالىسى بولۇشتىن نومۇس قىلىمەن.

## كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىش

- شەۋكەت، توختا بالام، - ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ مەكتەپكە ماڭغان شەۋكەتنى ئاپىسى توختىتىۋېلىپ، ئاخشام تاپىلىغان سۆزلىرىنى تەكرارلاشقا باشلىدى، - بالام، ئىشخانىغا كىرىپ مۇئەللىمىڭگە ئېيتقىن. داداڭ بولمىغاندىن كېيىن، ھېچ بولمىغاندا چۈشتىن كېيىن بولسىمۇ رۇخسەت بېرەر.

- ئاپا، مەن دېدىمغۇ، مۇئەللىم ماڭا ئۆچ...

شەۋكەت غودۇڭشىغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

«مۇئەللىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن قىرىشىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ يول بويى كېتىۋېتىپ، دادىسى قەشقەرگە كەتكەندىن بېرى مۇئەللىم ئۇنى مات قىلغان ئىككى قېتىملىق ئىش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى چۈشتە، شەۋكەت مەكتەپتىن قايتىپ كىنوخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇلتۇر باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئوقۇشتىن توختاپ قالغان دوستى ئەسقەرگە ئۇچراپ قالدى.

شەۋكەت، - دېدى ئەسقەر ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ ۋە بىر بېلەتنى تەڭلەپ، - بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «ئاباراگۇم» نىڭ كېنوسى بار ئىكەن. ساڭا بىر بېلەت ئېلىپ قويدۇم، بىللە كۆرەيلى.

شەۋكەت ئىككىلىنىپ قالدى. كۆرمەي دېسە، راجىنىڭ ناخشىسى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى.

- چۈشتىن كېيىن دەرس بار، - دېدى ئۇ بوشراق ئاھاڭدا.

- رۇخسەت سورىمامسەن؟

- ئۇنىڭ ئۈستىگە، پۇلۇم يوق.

- بولدى، بىلەتنى بىكارغا بېرەي، هەي، مەكتەپتىن كىنوغا ئەكىرىدۇ دېسەڭ ئاپاڭ پۇل بەرمەمدۇ؟

ئەسقەرنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىختىيارسىز هالدا تەڭلەپ تۇرغان بىلەتنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

شەۋكەت ئۆيىگە كېلىپ، ئاپىسىدىن مەكتەپتىن كىنوغا ئاپىرىدۇ دەپ پۇل سورىدى. ئاپىسى كىنوخانا، كىنو ئىسمى ۋە كىنو قويۇلىدىغان ۋاقىتنى سوراپ، گېپىنىڭ قاراپ سىلىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە قاتتىق تىكىلىپ بىر قارىۋېتىپ كىنو پۇلىنى بەردى.

شەۋكەت چۈشتىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ رۇخسەت سورىغاندا، مۇئەللىم ئۇنىڭغا پەرۋاسىز هالدا:

- شەۋكەت، راست سۆزلەڭ! - دېدى.

مۇئەللىم، راست ئېيتىۋاتىمەن. ئاپام قاتتىق ئاغرىپ قالدى، - دېدى. لېكىن مۇئەللىمنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تىكىلىپ تۇرغان كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

ئۇ ئويلىمىغان يەردىن چوڭ پالاكەتكە يولۇقتى. كىنونى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، كىنوخانا ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان مۇئەللىمى بىلەن ئاپىسىغا تۇتۇلۇپ قالدى. مۇئەللىم ئۇنى بەكمۇ قاتتىق تەنقىد قىلدى، ئاپىسىمۇ نۇرغۇن كايىدى. ئۇ بىرمۇنچە ۋەدە بېرىپ ئاران دېگەندە بۇ ئاۋارچىلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئاپىسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنى بالاغا قويغانلىقىدىن قاتتىق رەنجىدى.

يەنە بىر قېتىم چۈش ۋاقتى هاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كەتكەندى.

مەھەللىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى كۆلگە بېرىپ سۇغا چۈمۈلۈپ كېلىشكە مەسلىھەتلەشتى.

- بىزنىڭ مۇئەللىم رۇخسەت بەرمەيدۇ، - دېدى شەۋكەت دوستلىرىغا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قاراپ.

- ھەي ئەخمەق. غىدىڭ قىلالمايدىغان باھانىدىن بىرنى تاپمامسەن، - دېدى بىرى. شۇ ئەسنادا شوپۇر ئابلا ئاكىنىڭ بالىسى غوپۇر يەل بىلەن كۆپتۈرۈلگەن ئىككى بالوننى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەممىسىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى. شەۋكەت قانداقلا بولمىسۇن كۆلگە بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

- ئاپاملارنىڭ ئىدارىسىدىن تاۋۇز سېتىپ بەرگەنىكەن. شۇنى ئەكىلىۋالسام، - دېدى شەۋكەت مۇئەللىمگە مۇغەمبەرلىك بىلەن.

- شەۋكەت، راست سۆزلەڭ! - مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۆتكەنكىدەكلا جىددىي تىكىلىپ تۇراتتى.

- مۇئەللىم، راست، - شەۋكەت ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

ئۇلار يېرىم سائەتتىن كۆپرەك يول ماڭدى. رەگەتكىلىرىدىن ئۇچرىغانلا قۇشلارغا تاش ئېتىپ، ئويناپ - كۈلۈشۈپ كۆل بويىغا كەلدى. ئۇلار كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىشىپ ئەمدىلا سۇغا چۈشەي دەپ تۇرغاندا، مەكتەپنىڭ مىنبۇسى بۇ يەرگە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. شەۋكەتنىڭ مۇئەللىمى جىددىي ھالدا:

- ھە، شەۋكەت، تاۋۇزلارنى مىنبۇسقا قاچىلاڭ، - دېدى. مۇئەللىم ئۇلارنى دەرھاللا ئېلىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئېغىر قاتتىق دەشنام يېدى ۋە تۇۋا قىلدى.

«مۇئەللىم پال ئاچامدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ يول بويىدا كېتىۋېتىپ، «مەن قاچانلا رۇخسەت سورىسام، شۇ ھامان بىلىۋالىدۇ.

كەچكىچە مەن بىلەنلا قېرىشىدۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، بۈگۈن چوقۇم رۇخسەت بەرمەيدۇ.»

شەۋكەت ئەتىگەندە ئىشخانا ئالدىغا كەلگەندە، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، «شەۋكەت راست سۆزلەڭ» دېگەن سۆز قۇلىقى تۈۋىدە ياڭراشقا باشلىدى، تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ رۇخسەت سوراشقا پېتىنالماي سىنىپقا كىرىپ كەتتى.

چۈشتە ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە - كېرەكلەر سىرتقا توشۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئاپىسى ئەمدىلا بىر ئېغىز ئۆينى ئاقارتىپ بولۇپ تاماققا تۇتۇش قىلغانىدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ مەكتەپقە ماڭىدىغان چاغدا، ئاپىسى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

- چۈشتىن كېيىن بولسىمۇ سوراپ كەلگىن. بولمىسا مەن پەقەتلا ئۈلگۈرەلمەيدىكەنمەن.

شەۋكەت ئاپىسىنىڭ چېكىسىدىن چىپىلداپ ئېقىپ تۇرغان تەرنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى ۋە بىرمۇنچە ئىشلارغا قارىشىپ بەردى. ئۇ ئاپىسىنىڭ:

- بالام، سائەت توشۇپ قالدى. كىيىملىرىڭدىكى ھاك يۇقنى تازىلىۋېتىپ مەكتەپكە ماڭ، - دېگەن سۆزىدىن كېيىنلا ئالدىراپ مەكتەپكە كېتىپ قالدى.

ئۇ تەييارلىق قوڭغۇرىقى چېلىنىشتىن ئىلگىرى ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئىشىكنى چەكتى ۋە مۇئەللىم رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن كىرىپ ھودۇققان ھالدا:

- مۇئەللىم، بۈگۈن ئاپام...، - دېدى- دە، ئاغزى ئۇمچىيىپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

- ھە، ئاپىڭىز بۈگۈن ھېيتقا تەييارلىق قىلىپ ئۆي ئاقارتقانمىدى؟
- دەپ سورىدى مۇئەللىم خۇددى ھەممە ئىشنى بىلىپ بولغاندەكلا.

شەۋكەت ئەسلىدە «شەۋكەت، راست سۆزلەڭ!» دېگەن سۆزنى كۈتكەنىدى. مۇئەللىم بولسا ئۇنىڭ ئايىقىدىكى ھاك يۇقىغا قاراپ تۇراتتى.

- نېمىشقا يەكشەنبە كۈنى ئاقارتمىغانتىڭلار؟- دەپ سورىدى مۇئەللىم.

- بۈگۈن ئاپام دەم ئالغان.

- ھە راست، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ماتېماتىكا دەرسىدىن چارەكلىك خۇلاسە مەشقى ئېلىپ بېرىلىدىغۇ دەيمەن؟

- ھەئە.

- شەۋكەت، ئۇنداق بولسا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. سىز دەرسكە چىقىڭ!

شەۋكەت خۇددى بىرى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكەندەك قاتتىق ئاچچىقلاندى. كەينىگە بۇرۇلغىنىچە يۈگۈرۈپ سىنىپقا كىرىپ كەتتى. «قانداق، دېمىدىممۇ؟ مۇئەللىم زادى مەن بىلەن قېرىشىدۇ» دەپ ئويلىدى شەۋكەت سىنىپتا ئولتۇرۇپ. سائەت توشتى، دەرس باشلاندى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە دەرس زادىلا كىرمىدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، سىنىپ باشلىقى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- شەۋكەت، سىنىپ مەسئۇلىمىز سىزنى ئىككى سائەت دەرستىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەتسۇن، دېگەنىدى،- دېدى.

ئۇ دەپتەر- كىتابلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە يولغا چىقتى.

ئۇ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئۆيىدە گاز ئوچاققا ئىسسىقلىق تۇرغان قازانغا

ئاش تاشلاۋاتاتتى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى پاكىز ئاقارتىلغان بولۇپ، ئىشكاپ، كارىۋاتلار ئۆز ئورنىغا رەتلىك قويۇلغان، گىلەملەر تامغا ئەپلىك ئېسىلغان، چىنە - قاچىلار چىرايلىق تىزىپ قويۇلغانىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. شەۋكەت ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا:

- كېلىڭ شەۋكەت، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ - دېگەندىلا ئۇ ئېسىنى يىغىۋالدى. لېكىن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن سېزىم پۈتۈن بەدىنىنى قىزىتىپ، ۋۇجۇدىنى ھاياجان ئىلكىدە تىترىتەتتى. ئۇ پەقەت:

- مۇئەللىم! - دېيەلىدى، كۆزلىرىدىن بولسا ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

# پۇشايمان

تەتىلنىڭ بىر كۈنى، چۈشكىچە رېھىملارنىڭ مەھەللىسىدە تاش - داڭگال ئېتىشىپ ئويناپ ھېرىپ چارچىغان قەييۇم ئۈستىبېشىدىكى توپا - توزانلارنى قېقىۋەتمەستىن ھاسىرىغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دالان ئۆيدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان يەل - يېمىشلەرگە چۈشتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئۆيدە تۇرۇپ:

- قەييۇم، ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ بۇ ياققا كىرگىن، - دەپ چاقىرغىنىغا پىسەنت قىلماستىن، يانچۇقلىرىنى يەل - يېمىشكە تولدۇرۇپ يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

قەييۇم رېھىملەرنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ دوقمۇشتىكى چوڭراق بىر تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، قولىغا كىچىك بىر تاشنى ئېلىپ، بادام، ياڭاقلارنى چېقىپ يېيىشكە باشلىدى. تاشنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلىنىپ قالغان شۆپەكلەرنى پۇتى بىلەن يىراقلارغا چېچىۋېتىپ، يەنە چېقىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.

- قەييۇم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ بۈگۈن قىلغانلىرىڭنى ئاز دەپ، ئەمدى كوچىنى پاسكىنا قىلغىلى تۇرۇپسەنغۇ؟

ئۇ ئەنۋەر باشلاپ كەلگەن ئالتە ساۋاقدىشىنىڭ سۈپۈرگە، چېلەكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ كوچىغا سۇ سېپىپ، سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەل ئوڭايسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ئەنۋەرگە قولىدىكى ئىككى تال ياڭاقنى تەڭلەپ:

- ئەنۋەر، مە، ياڭاق يېگىن،- دېدى.

- مەن كۆپ يېدىم،- دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ،- چوڭ داداڭ ئېلىپ كەلگەن يېمىشلەرگە ئېغىز تەگدىم.

- نېمە؟ چوڭ دادام؟- قەييۇم ھەيران بولۇپ سورىدى.

- قەييۇم، سەن تەكتىنى سورىماي ئۇزۇمنى يەۋەرگەن ئوخشىمامسەن؟ راست، داداڭ بايا دوختۇرخانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. سەن چوڭ داداڭنى كۆرمەپسەن - دە؟

- بۇ زادى نېمە ئىش؟- دېدى قەييۇم. ئۇ شۇ چاغدا دادىسىنىڭ بىر ھەپتىدىن بېرى: «كۆرۈشمىگىلى يىگىرمە نەچچە يىل بولغان ئاكام كېلىدىكەن» دەپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالدى. بۇ چاغدا، ئەنۋەر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

- مەن چۈشتىن ئاۋۋال ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكى مۇزاكىرىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كېتىۋاتسام، كوچىدا يۈز - كۆزى قان يۇقى، ئېغىر، گۈللۈك خۇرجۇن ئارتىۋالغان بىر بوۋاي يولۇقتى. مەن ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ قېشىغا باردىم. بوۋاي مەندىن سىلەرنىڭ مەھەللىنى، داداڭنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئۆيگە باشلاپ ئاپاردىم، ئۇ بوۋاي سېنىڭ چوڭ داداڭ ئىكەن. مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، يانچۇقلىرىمنى يەل - يېمىش بىلەن توشقۇزۇپ قويدى.

قەييۇم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قېتىپلا قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك بىر- بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر كەلمەيدىغان تار كوچىنىڭ ئىككى بېشىدا ياڭاقتەك، ئالمىدەك چوڭلۇقتىكى تاش - داڭگاللار ئارقا - ئارقىدىن ئۇچۇۋاتاتتى. ئېتىلغان تاشلار بەزىدە قېيۇمغا، بەزىدە رېھىمغا

تېگىپ كەتكىلى تاس - تاس قالاتتى.

- قەييۇم! توختاڭلار! شۇمۇ ئويۇنمۇ؟ بىرەر كىشىگە تېگىپ كەتسە قانداق قىلىسىلەر؟ - مۈرىسىگە سومكىسىنى ئېسىۋالغان ئەنۋەر دوقمۇشتىن قايرىلىپ كېلىپ ئۇلارنى توختاتتى.

- چەتتە تۇر، قاپىقىڭنى ئۇچۇرۇۋەتمەي ھېلى،- دەپ كۈلدى قەييۇم، ئۇ پۇتلىرىنى كېرىپ، ئوڭ قولىدىكى تاشنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سول قولىدا تۆت - بەش تاش - داڭگالنى مەيدىسىگە يۆلەپ تۇتۇپ تۇراتتى.

- بولدى قىلىڭلار قەييۇم. يۈر، سىلەرنىڭ مەھەللىگە دەرس تەييارلىغىلى بارىمىز،- دېدى ئەنۋەر.

- مەن دەرس تەييارلاپ بولغان، كېتىۋەر، بۈگۈن رېھىم بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۇتمىغىچە قايتمايمەن،- قەييۇم ئەنۋەرنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، تاش ئېتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ رېھىمنى قارىغا ئېلىپ بىر ياپىلاق تاشنى ئاتتى. تاش ئۇچۇپ بېرىپ تۇيۇقسىز دوقمۇشتىن قايرىلىپ كەلگەن بوۋاينىڭ يۈزىگە تەگدى. بوۋاي دولىسىدىكى گۈللۈك خۇرجۇنىنى يەرگە قويۇپ، يۈزىنى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىلىقىدىن قىپقىزىل قان ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھېلىلا سىرتتىن كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بوۋاي تىترەپ تۇرۇپ:

- ھەي بالام، بۇ نېمە ئىش؟ ھەي...،- دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. قەييۇم رېھىمغا كۆزىنى قىستى - دە، تىكىۋەتتى ۋە بازاردا ئويناپ، چۈش بولغاندا ئۆيىگە قايتتى...

نېمە؟ مەن ئاتقان تاش چوڭ دادامغا تېگىپتىما؟- قەييۇم پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئازابلىنىشقا باشلىدى. كۆزلىرىدىن پۇشايمان ياشلىرى بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ بوۋىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىماقچى بولدى-دە، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

## نادامەت

- بۇ قانداق بولغىنى! ئەلا ئوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ بالا سىلەر مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالغاندىن بۇيان چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ...

- بولدى، قويسىلا خانىم،- دېدى تۇرداخۇن ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى زەردە بىلەن بۆلۈپ،- گېزىت ئوقۇيالمىسا نېمە بوپتۇ، گېزىتتە يېزىلغىنىنى رادىئودا ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. پۇت - قولغا تەگمەيۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ھەرقانچە قىلسىلىمۇ بالىنى ئېتىزدىن بىر چامدام نېرى ماڭغۇزمايمەن! - ئۇ قولىدىكى قارا تاشلىق خاتىرىسىنى ئېچىپ ئوغلىنىڭ دەرسكە كەلمىگەن كۈنلىرىنىڭ ھېسابىنى قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان خانىمدىن كۆزىنى يۆتكىدى - دە، قولىدىكى ئاچمىقى يېرىلىپ كەتكەن ئارىنى قىيىش بىلەن باغلاپ بولۇپ، دۆۋلەگلىك تاغارلارنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ ساناشقا باشلىدى.

- مەن مۇھەممەد ئەلىنى ئېتىزدىن ئېلىپ كېتىمەن! - خانىم ئىتتىك بۇرۇلۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

- قانداق خەق بۇ، كىشىنىڭ بالىسىغا بۇدۇشقاقتەك يېپىشىۋالىدىغان،- تۇرداخۇن ساناقتىن ئاداشتى. ئۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقان خانىمغا ئاچچىق ئارىلاش بىر قاراپ قويۇپ، تاغارنى باشقىدىن ساناشقا باشلىدى. ئۇ ئوغلى مۇھەممەد ئەلىنىڭ خانىمغا ئەگىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، چۈنكى، ئاخشام ۋە ئەتىگەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئوبدان بېرىپ قويغانىدى.

دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ھەممىنىڭ ئىشى ئالدىراش ئىدى.

مەكتەپتە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كېتىۋاتاتتى. ئاز كۈندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلى ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچۈشى كېرەك. ئالدىنقى مەۋسۇمدا ئۇ بىر قانچە دەرستىن تۆۋەن نومۇر ئالدى، ئەمدى دەرس، مۇزاكىرىلەرگە تولۇق قاتناشمىسا سىنىپتىن كۆچەلمەي قېلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى، شۇڭلاشقا خانىم تۇرداخۇنغا «سىزنىڭ ئورمىڭىز باشلانغان بولسا، مۇھەممەد ئەلىنىڭمۇ بەش يىل ئۆگەنگەنلىرىدىن ھوسۇل ئالىدىغان ئورمىسى باشلىنىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى.

ئەسلىدە، ئورمىنىڭ باشلىنىشىغا تېخى بىر ھەپتىدەك ۋاقىت بار ئىدى. لېكىن تۇرداخۇننىڭ بۇغدايلىرى پىشىپ تۆكۈلەي دەپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ قوشنا يېزىدىكى تۇغقانلىرىدىن بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي ئۇرۇقى ئېلىپ كېلىپ تېرىغانىدى. شۇڭا بۈگۈن تۇرداخۇننىڭ بۇغدىيىنى كومبايىن بىلەن ئورۇش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، خامان تەييارلاش كېرەك، كومبايىن چۈشمەيدىغان يەرلەرنى ئورغاقتا ئوروش كېرەك، ئۇنىڭغا ئايرىم خامان راسلاش كېرەك، تېپىش، سورۇش، چەشنى يىغىپ توشۇش كېرەك. كومبايىن ئېتىزغا تاشلاپ كەتكەن سامانىنىمۇ يىغىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۆزىمۇ كۆزدە خېلى پۇل بولىدۇ. بۇلارنى كېچىچە ئويلاپ چىققان تۇرداخۇن تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئايالىنى، مۇھەممەد ئەلىنى، ئون ياشلىق گۈلنارنىمۇ ئېتىزغا ھەيدىدى. ھەتتا ئالتە ياشلىق ئەنۋەرنىمۇ نان - چاي توشۇشقا سالدى.

- ھەي، ئوتتۇز تۆت تاغار، يەنە كېلىپ ئون نەچچىسىگە ياماق سالمىسا بولمايدۇ. تېخى بۇلتۇرلا قىرىق تاغارنى تەق قىلىپ قويۇۋېدىم، ئالتىسىمۇ يوقاپ كېتەمدۇ، - تۇرداخۇن ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى، - يەنە شۇ مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئىشى، ئەتىيازدا مەكتەپكە قىغ ئاپىرىمەن دەپ بىر نەچچە تاغارنى سۆرەشتۈرۈپ يىرەتتى، كۆكتات بازىرىدىنمۇ ئىككى تاغار يوقىتىپ كەلدى، ھەي، بۇ

بالىنىزە، يېشى بىر مۆچەلگە توشتىيۇ، ئېتىز- ئېرىقنىڭ پېشىنى تۇتاي دېمەيدۇ. بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان دەپتىرى يوقاپ كەتسە، نەچچە مو يەرنىڭ مايسىسىنى پادا چەيلىۋەتكەندەك ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ. دەپتەر - كىتاب دەپ تاپقان - تەرگەننى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ. ئوقۇغىنىغۇ ياخشى ئىدى، ئىش ئوڭغا تارتىپ ياردىن بەرىكەت ئۈنۈۋاتقان مۇنداق چاغدا نەق سودىنى تاشلاپ نېسىگە دۇرۇت ئوقۇغاننىڭ قانچىلىك پايدىسى بولار؟ ئۇرۇپ، تىللاپ بولسىمۇ ئىشقا كۆندۈرگەچ تۇرغىنىم تۈزۈكمىكىن.

يىراقتىن گۈلدۈرلىگەن كومباييننىڭ ئاۋازى تۇرداخۇننىڭ خىيالىنى بۇزۇپ، ئۇنى ئالدىرتىپ قويدى. ئۇ ئىچىدە: «تاغارلارنى مۇھەممەد ئەلى يامىسۇن، كومباين تومشۇقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۇغداينىڭ بېشىنىلا ئۈزۈپ كېتىۋېرىپ، بىر تاغار سامىنىم ئېتىزدا قالمىسۇن يەنە، چاپسانراق باراي» دەپ ئويلىدى- دە، تامغا يۆلەكلىك ئارىنى ئېلىپ ئېتىز تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئېتىزغا كەلگەندىمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. قوناقلىق تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى؛

- ھوي، ئاپىسى، سىلەر ھويلىنىڭ ئالدىدىكى چەش تۆكۈدىغان خامانىنى سۈپۈرۈۋېتىڭلار، ئاندىن كومباينچىلارنىڭ تامىقىغا تۇتۇش قىلىڭلار. ھەي گۈلنار، ئەنۋەر! سىلەر كومباييننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ سامانىنى يىغىڭلار. ۋوي مۇھەممەد ئەلى قېنى؟ - تۇرداخۇن ئەجەپلىنىپ ئالقىنىنى كۆزىگە لەمپە قىلغىنىچە ئۇزاقلارغا قاراپ چىقتى. يىراقتىن گۈلنار جاۋاب بەردى:

- دادا، ئاكامنى خانىمى مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى.

- ھوي نان قېپى، ھارامتاماق! بەش يىلدىن بېرى مەيلىڭگە قويۇپ بەرگىنىم يەتمىدىما؟ سەن زادى مەكتەپنىڭ بالىسىمۇ، مېنىڭمۇ؟ - دېدى- دە، قولىدىكى ئارىنى چۆرۈۋېتىپ، مەكتەپ

تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا جىمجىت ئولتۇرۇپ خانىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز «جالاق» قىلىپ ئىشىك ئېچىلدى. ھەممە چۆچۈپ كەتتى. ئۆگى ئۆچكەن تۇرداخۇن سىنىپقا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ ئۇدۇل مۇھەممەد ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىقىدىن تارتقان پېتى، ئۇنى سىنىپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ھويلىنىڭ ئالدىغا راسلانغان مەيدانغا بۇغداي دۆۋىلەنگەنىدى. بىر چەتتە، يىگرمە - ئوتتۇز تاغار بۇغداي تىكلەكلىك تۇراتتى. يەتتە - سەككىز دېھقان خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن تۇرداخۇننىڭ ھوسۇلنى مۆلچەرلەۋاتاتتى. تۇرداخۇن توختام بويىچە دۆلەتكە ساتىدىغان، ئۇرۇقلۇق قىلىدىغان ۋە ئۇرۇققا قالدۇرىدىغان بۇغداينى ھېسابلاپ چىقىپ مەيدىسىنى سىلاپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان شادلىق ئۇچقۇنى بۇ يىلقى ھوسۇلدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

- شۇنداق قىلىپ تۇرداخۇن،- دېدى بىر مويسىپىت دېھقان ئۇنىڭغا قاراپ،- ھەممىسى ئون ئۇچ مىڭ جىڭ بولسا، ئوتتۇز ئىككى مو يەرگە چاچساق تۆت يۈز ئاتمىش جىڭدىن ئايلىنىپتىما؟ بۇلتۇرقىدىن سەكسەن جىڭ ئېشىپتۇ-دە، بۇنىڭغا يەنە چارۋىنىڭ يۈگى، توخۇنىڭ تۇخۇمى، مېۋە- چېۋە، كۆكتات - ئوتياشنىڭ كىرىمنى قوشساق، پۇلنى ساناپ تۈگەتكىلى بولارمۇ؟!

ئاغىنىلەر،- دېدى تۇرداخۇن مەغرۇر قىياپەتتە،- ئەتە كاسىر نەق پۇل تارتقاتقۇدەك، كەچتە ھەممىڭلار بىزنىڭكىگە چايغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار، بىر پاخلانچىقىم بار. ئىمىن دۇتتارنىمۇ چاقىرىپ كېلىپ، راسا بىر مەشرەپ ئوينايلى.

تۇرداخۇن كۆڭلىدە مۆلچەرلەپ چىققاندىن كېيىن بۇ يىل مەھەللىدە ھېچكىمنىڭ ئۆزىچىلىك كىرىم قىلالمىغىنىغا جەزىم

قىلىپ، ئەڭ ئالدىدا داستىخان سالماقچى بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرداخۇن كاسسىر ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئەھۋال باشقىچە بولۇپ چىقتى.

ـ تۇراخۇن، سىلىنى بىر قاتىلغۇەتكەن ئوغۇل باللارمۇ بار ئىكەن جۇمۇ، ـ دېدى كاسسىر. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تۇراخۇننىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى. بۇ سۆز خۇددى ئۆزىنى يول ياقىسىغا چىقىرىپ قويغان تراكتورنىڭ ئاۋازىدەك قۇلىقىنى غوگۇلدىتىۋەتتى، ئۇ لاسسىدە بوشاپ كەتكەن بولسىمۇ، چاندۇرماي، پۇل ساناۋاتقان قاسىماخۇنغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ ئىچىشىۋاتقان يارىسىغا تۇز سەپكەندەك كاسسىر:

ـ مانا كۆردۇڭلارمۇ، بۇ ئادەم، ـ دېدى قاسىماخۇن قەلەم تۇتقان قولى بىلەن كۆرسىتىپ، ـ مو بېشىغا سەككىز يۈز ئەللىك جىڭدىن بۇغداي ئالدى. مەتروزى تېخنىك ئۇنىڭ ئوغلى ـ دە...

قاسىماخۇنغا قارىغانسېرى تۇرداخۇننىڭ ئىچى ئېچىشىشقا باشلىدى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ ئۆيگە كەلگىچە «ئون نەچچە يىل كىتاب ئوقۇپ، ئېتىزنىڭ قىرىنى كۆرمىگەن مەتروزى تېخنىك بولتۇر كېلىپلا شۇنچىۋالا كارامەت كۆرسەتكەنمىدۇ؟!» دېگەن خىيالنى كاللىسىدىن تەكرار ـ تەكرار ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا سەككىز يۈز ئەللىك جىڭ دېگەن سان كىرىۋالغانىدى.

يېڭىۋىلىشقا بولمىدى. كەچتە تۇرداخۇن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. داستىخان ئۈستىدە ھەركىم ھەر نېمە دېدى. قاسىماخۇننىڭ ئوغلى مەتروزى تېخنىك ئۈستىدە كۆپرەك پاراڭ بولدى. ئاخىردا ھەممىسىنىڭ كۆزى قاسىماخۇنغا تىكىلدى، ئۇ قولىنى سۈرتۈپ بولۇپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ كونىلاردا «ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۈلۈغ» دېگەن گەپ بار. ئوقۇغان باشقىچە بولىدىكەن، بالام مەتروزى بولتۇر ۋىلايەتلىك يېزا

ئىگىلىك مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپلا يەرگە مەھكەم چاپلاشتى. ئۇرۇق دانىنى ساناپ، تارازىدىن تارتىپ، دەپتىرىگە بىر نېمىلەرنى جىجىلاپ يۈردى، مەن «ھوي ئەخمەق، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى قەلەم- دەپتەرگە تويمىدىڭمۇ؟ ئەمدى دەپتىرىڭنى تاشلاپ، قولۇڭغا كەتمەن ئال» دېسەم، «ئۇنداق دېمە دادا، بۇ يىل بىز ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىمىز. مو بېشىغا ئۈچ يۈز ئەللىك جىڭدىن ئاشۇرالمىغان يېرىڭنى تەكشۈرۈپ باقتىم. بۇ يىل جەزمەن بەش يۈز جىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىمىز» دېدى. مەنمۇ: چىشىغا تەگمەي قېنى، بىلگىنىنى قىلسۇن، دەپ مەيلىگە قويۇپ بەردىم. ئۇ ئۆيدىكى ئۇرۇقنى ياراتماي، ۋىلايەتكە پۇل خۇيلاپ، خەت يېزىپ يۈرۈپ، ھېلىقى بىر نېمە دېگەن نومۇرى بار ئۇرۇقنى ئەكىلىپ چاچتى. كۈندۈزى ئېتىزدىكى مايسىنى، كېچىسى كىتاب- دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ يۈردى. ۋېلىسىپىتنى سېتىۋېتىپ، پۇلىغا خىمىيە ئوغۇتى ئەكىلىپ ئىشلەتتى. مانا ئەمدى قارىماسىلە، بۇ ئامەتنى، ئەتە ئۇ تېخى مۇتسىكلىت سېتىۋالغىلى بارماقچى.

ئالتۇنغا بەرگۈسىز بالا بوپتۇ جۇمۇ،- دېدى بىرەيلەن سۆز ئارىلاپ،- مەترۇزى تېخنىك ئۆزىنىمۇ، بىزنىمۇ باي قىلدى. ئەتىگەن - كەچتە قىر ئارىلاپ يۈرۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ كۆكىنى ساناپ ئەقىل ئۆگىتىپ تۇردى. بىر چاغدا، ئىككى - ئۈچ مولۇق بىر پارچە يەرگە سۇ ئېچىۋاتسام، ئۇ كېلىپ دەپتىرىگە قاراپ پال ئاچتىمۇ بىلمىدىم. «ھەي مەمتىكا، ئۇن كۈندىن كېيىن سۇغارساڭ بولارمىكىن؟» دەپ سۇنى توختىتىۋەتتى. خۇدانىڭ كارامىتى بىلەن ئۇن كۈندىن كېيىن سۇغارغان يېرىمنىڭ بۇغدىيى ئوخشاپ، ھېلىقى سۇ ئېچىۋالغان يەرنىڭ مايسىسى قۇرۇق كۆكلەپ تۈزۈك دان تۇتمىدى ئەمەسمۇ؟

ئەتىگەندىن بېرى، تۇرداخۇننىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان سەككىز يۈز ئەللىك جىڭنىڭ سىرى ئەمدى ئېچىلدى، ئۇ مەترۇزى تېخنىكقا

ھەۋەسلەنگەنسېرى، كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلى پەيدا بولدى، قولىدىكى قارا تاشلىق خاتىرىسىنى يېنىك سىلكىپ، كەسكىن سۆزلەۋاتقان خانىمىنىڭ ھېلىقى چىرايى قايدا گەۋدىلەندى.

تۇرداخۇن دۇتتارغا جور بولۇپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ بېشىنى لىڭشىتقاچ، بۇ سۆزنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى:

-مەن ئۇنى جەزمەن ئوقۇتاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بەش تال تۈگمە

قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىشقا باشلىدى. ئۆمەر پارتا ئارىلىقىدىكى يەردە ياتقان كىچىككىنە قاتلاقلىق بىر نەرسىنى كۆردى ـ دە، ئالدىراپ قولىغا ئالدى ۋە ھەركۈنى بىللە قايتىدىغان ساۋاقدىشى جۈرئەتنىمۇ ساقلىماي سىنىپتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ ماڭغاچقا، تۈگمىسىز چاپىنىنىڭ پەشلىرى لەپىلدەپ، مايلىشىپ كەتكەن شەپكىسى بولسا كۆزىگىچە چۆكۈپ تۇراتتى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى ئاستىلىتىپ يانچۇقىدىن ھېلىقى قاتلاقلىق نەرسىنى چىقاردى. بۇ بىر موچەن پۇل ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇئەللىمگە تاپشۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياق! بۇنى ھېچكىم كۆرمىدىغۇ؟ ئۇ شۇنداق ئويلار بىلەن بىڭگور(چوكىمۇز) ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ـ كېلىڭ ئۇكام، قانچىنى ئالىسىز؟ ـ بىڭگور ساتقۇچىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ۋە سوزۇپ تۇرغان قولى ئۆمەرنى بىر موچەننى بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۆمەر چوكىمۇزنىڭ قەغىزىنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، شوراشقا باشلىدى.

ـ ئۆمەر، بۇ قەغەزنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش كېرەك، ـ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يېتىشىۋالغان جۈرئەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆمەرنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۆمەر قولىدىكى يەنە بىر بىڭگورنى جۈرئەتكە تەڭلىدى، جۈرئەت ئۇنى قولىغا ئېلىپ قەغىزىنى ساندۇققا تاشلىۋېتىپ، بىڭگورنى ئاغزىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە، تويۇقسىز بىر

ئىش ئېسىگە كەلگەنىدەك:

- ئۆمەر، بۈگۈن يېنىڭدا پۇل يوق ئىدىغۇ؟ بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟- دەپ سورىدى. ئۆمەر ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى - دە، دۇدۇقلاپ:

- دوستۇم جۇرئەت، ساڭا يالغان سۆزلەشنى خالىمايمەن. بايا سىنىپتىن بىر موچەن تېپىۋالدىم. ئىگىسى چىقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىم كۆرمىدى...،- دېدى.

- نېمە؟ سەن بۇ پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرمايدىغان بولساڭ، ئىككىنچى سەن بىلەن ئارىلاشمايمەن،- جۇرئەت قولىدىكى بىڭگۈرنى ئۆمەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ غەزەپلەنگەن ھالدا ئىتتىك مېڭىپ كېتىپ قالدى. ئۆمەر بىرھازا تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ ئۆيىگە كېتىپ قالدى. قولىدىكى چوكمۈزنى قانداق يەپ بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

جۇرئەت تېت - تېت بولۇپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئاستىلاپ ئويلىنىشقا باشلىدى. «مەن نېمە قىلدىم؟ ئۇنىڭغا قېيداپ كېتىپ قېلىش نېمە ئۈنۈم بېرىدۇ؟ مۇئەللىم ئۆمەرنى ماڭا قوشۇپ قويغاندىن بېرى، ئۇ مەكتەپكە كېچىكمەي بارىدىغان بولدى، تاپشۇرۇقلارنىمۇ ۋاقتىدا ئىشلەيدىغان بولدى.» جۇرئەتنىڭ ئېسىگە يەنە ئۆمەرنىڭ ئاپىسىنىڭ: «ئوغلۇم جۇرئەت، سىز ئۆمەرنى يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ، ئۇنىڭ دەرسلىرىنى تەكرار قىلىشىغا ياردەم بېرىڭ» دېگەن سۆزلىرى كەلدى. ئۇ بۈگۈن قىلغان ئىشىغا خىجىل بولۇپ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ئەقىل تاپقاندەك ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى بەشىنچى سائەتتە تەنتەربىيە دەرسى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار چاپانلىرىنى سىنىپتا قويۇپ مەيدانغا چىقىپ كەتتى. دەرستىن كېيىن ئۆمەر سىنىپقا كىرىپ چاپىنىنى ئالدى. ئۇ چاپاننى كىيگەندىن

كېيىن قاداقلىق تۇرغان بەش دانە تۈگمىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇنى كۆرگەن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا:

- ئۆمەر، بۈگۈن چاپىنىڭغا تۈگمە قاداپ كەپسەنغۇ، مۇبارەك بولسۇن، ھەر ھالدا بىر موچەن پۇلنى ئايىماپسەن، - دەپ چاقچاق قىلىشتى. ئۆمەر بىر موچەن دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن خىجالەت ئىچىدە ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندى. ئۆمەر ئۆيىگە كىرىش بىلەنلا ئاپىسى ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە:

- بالام، كىيىملىرىڭ خويما رەتلىك بولۇپ قاپتىغۇ؟ دادىڭ تۈگمە ئېلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى خەجلىۋاپتۇ، دەپ ئاچچىقلاۋاتاتتى، يالغان ئىكەن - دە، مەنغۇ چاپىنىڭغا تۈگمە قاداپ ئۈلگۈرتەلمىدىم. مانا بۈگۈن ئۆزۈڭ قادىۋاپسەن. قارا، چاپىنىڭنى تۈگمىلىسەڭ ئۆزەڭگىمۇ ئىسكەت كىرىپ قالىدىكەن. تامىقىڭنى يەۋال، - دەپ ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ كەتتى. ئۆمەر قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىچىنى خۇددى بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك تىت- تىت بولاتتى. دېمىسىمۇ تۈنۈگۈنكى بىر موچەن ۋە بۈگۈنكى بەش تال تۈگمە ئۇنىڭ مېڭىسىگە يىڭنىدەك سانجىلىپ تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئارام ئالالىسۇن؟! كۆيۈمچان ئانا ئۇنىڭ ئوڭايسىزلانغان چىرايىغا ۋە تاماقمۇ يېمەي ئولتۇرغىنىغا قاراپ بىرەر ئىش بولغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن پەملەپ ئاستا كوچىلاشقا باشلىدى. ئاران تۇرغان ئۆمەر بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى ۋە ئاپىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بولغان ئىشلارنى ئاپىسىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنى ئېچىلدى. ئۆمەر مۇئەللىمى ئايجامالنىڭ ئاغزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ، مۇئەللىم مېنى تەنقىدلەيدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەكسىچە، ئايجامال مۇئەللىم ئۇنى ماختىدى. يېقىنقى ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالدى. ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلەر ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ، بەزى ساۋاقداشلاردىكى بەزى ئەھۋاللارنىلا ئوتتۇرىغا

قويدى. سىنىپ ھەيئەتلىرىمۇ، جۈملىدىن جۈرئەتمۇ خۇددى شۇنداق سۆزلىدى. ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. بىراق، بارلىق سۆزلەر ئۆمەرگە ئۆزى ھەققىدە سۆزلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. تۇنۇگۈندىن بېرى ئۇنى قىيناۋاتقان بىر نەرسە بۈگۈن خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

- رۇخسەتمۇ؟ - ئۆمەر قولىنى كۆتۈردى. ئايجامال مۇئەللىم ئۇنىڭغا كۆيۈمچانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى خۇددى: ئۆمەر ياخشى قىلدىڭ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ سۆزلىگىن، دېگەندەك تىكىلىپ تۇراتتى. مۇئەللىم بېشىنى لىڭشىتىپ رۇخسەت بەردى.

ئۆمەر تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ئىشلارنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي سۆزلەپ چىقتى، ئۇ بىر موچەن ھەققىدە سۆزلىگىنىدە، كۆپچىلىك تۈنۈگۈن بىر موچەن پۇلنى يوقىتىپ قويغان ساۋاقداش ئاينۇرغا قارىدى. بەش تال تۈگمە ھەققىدە سۆزلىگىنىدە، ھەممە ھاياجان بىلەن ئەتراپقا قارىدى. ئۆمەر يانچۇقىدىن ئىككى موچەن پۇلنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى - دە:

- مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ، كەمچىلىكلىرىمنى چوقۇم تۈزىتىمەن، - دەپ ۋەدە بەردى.

ئايجامال مۇئەللىم ئۆمەرنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇش ۋە تۈزىتىش روھىنى ماختاپ مۇنداق دېدى:

- ساۋاقداشلار، ھەممىمىز ئۆمەرنىڭ بۇ روھىدىن ئۆگىنەيلى، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى مانا مۇشۇنداق ئىگىسىگە قايتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ پۇلنىڭ بىر موچىنى ئاينۇرنىڭ، يەنە بىر موچىنى بەش تۈگمىنى قاداپ قويغان ساۋاقداشنىڭ، بىز بۇ ساۋاقداشنىڭ كوللېكتىپقا ۋە باشقىلارغا كۆيۈنۈشتەك گۈزەل روھىدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم.

ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ قىزغىن چاۋاك

چالدى. ئۆمەر يېنىدا ئولتۇرغان دوستى جۇرئەتكە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى.

# مېنىڭ كىتابلىرىم

ئۇكام شۆھرەت ھەر قېتىم ماڭا:

- ئاكا، ئاكا، كىتابخانىغا يېڭى كىتاب چىقىپتۇ. ماڭا پۇل بەرگىنە،- دېگىنىدە، مېنىڭ ئېسىمگە بۇنىڭدىن ئون تۆت يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن پاجىئەلىك بىر ۋەقە كېلىدۇ:

ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا ئون بىر ياش بولۇپ، مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغاندىن تاشقىرى كىتاب ئوقۇشقا بەكمۇ ھەۋەسكار ئىدىم. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋە كەچتە كىتابخانىدىن نېرى كەتمەيتتىم، ھەر قېتىم يېڭى چىققان كىتابلارنى دەرھال سېتىۋالاتتىم. يەكشەنبە ۋە تەتىل كۈنلىرىم ئاساسەن قىرائەتخانىدا ئۆتەتتى، كىتابخانىدا بار كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيۈمدە بار ئىدى. دادام ياساپ بەرگەن كىچىككىنە ئىككى ساندۇقۇم كىتاب بىلەن لىق تولغانىدى، كىتابلىرىمنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم ۋە قايتا - قايتا ئوقۇيتتىم.

1966 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھاۋا بۇزۇلۇپ، ھەر تەرەپتىن قالايمىقان بوران چىقىۋاتاتتى. ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىغا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى- دە، تۇيۇقسىزلا ھويلىغا بىر توپ كىشىلەر باستۇرۇپ كىردى. دادامنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ بىرەر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ، دادامغا چىڭ ئېسىلىۋالدىم، بىسىپ كىرگەنلەر:

- ھوي بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزى، كىتاب مەستانىسى، ئاق مۇتەخەسسىس، چىق بۇياققا! - دەپ توۋلاپ دادامنى سۆرەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى ۋە قولىنى ئارغامچا بىلەن باغلاشقا باشلىدى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زار - زار يىغلاۋاتقان ئاپامنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقتى، ئۇلار ئۆيلەرنى خۇددى ئوغرىلاردەك بىر ھازا ئاختۇرغاندىن كېيىن:

- نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، كىسىپۇرۇش، يوقال! - دەپ ۋارقىراپ مېنى تالاغا قوغلىۋەتتى، مېنىڭ پۈتۈن پىكرى - خىيالىم بوغچامدا ۋە ئىككى ساندۇق كىتابىمدا ئىدى. ئېگىز بويلۇق، چىرايى قاپقارا، كۆزلىرى قانسىراپ تۇرغان بىرى ئۆيدىن دادامنىڭ بىر قوچاق كىتابىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى ۋە:

- بۇ ئەبلەخنىڭ ئەكسىيەتچى نەرسىلىرى بەك كۆپكەن. ھەممىنى ئېلىپ چىقىڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى. قالغانلىرى دادامنىڭ نەچچە ئىشكاپتىكى رەتلىك تىزىلغان كىتابلىرىنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، دادام چىدىماي توۋلاپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن دادامنىڭ كۆزىدىن ئەلەملىك ياش تامچىسىنىڭ سىرغىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۈم. بىر چاغدا ئىككى ئەبلەخ مېنىڭ ئىككى ساندۇقۇمنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مەن چىدىيالمىدىم، خۇددى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋېلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ:

- بۇ مېنىڭ كىتابلىرىم! چىقىلماڭلار! - دەپ ۋارقىراپ، ساندۇققا ئېسىلدىم. ئۇلار كىتابلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىش ئورنىغا:

- ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق دېگەن مانا شۇ. كۆردۈڭلارمۇ؟ بالىسىمۇ كىتابقا ئۆلۈپ بېرىدىغان نېمىكەن. ھا - ھا - ھا - دەپ كۈلۈشۈپ، مېنى بىر تېپىپ دومىلىتىۋەتتى. مېنىڭ كىتابلىرىم گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈشكە باشلىدى، مەن ئۆمىلەپ بېرىپ ئوت ئىچىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. مەن چاچلىرىمنىڭ ۋە كىيىم - كېچەكلىرىمنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە قارىماي قولۇمغا چىققان بىر كىتابنى چىڭ تۇتۇۋالدىم. بۇ كىتاب «ياش گۋاردىيە» ئىدى. يوغان ئىككى قول مېنىڭ پۇتۇمدىن سۆرەپ بىر چەتكە تاشلىۋەتتى.

مەن چۆرىسى كۆيۈپ كەتكەن ئاشۇ كىتابنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇ ئەبلەخلەر كېيىن دادامغا ئۇزۇن قەغەز قالپاقنى كىيگۈزۈپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى... ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن كۈل دۆۋىسىدىن بىرمۇ كىتاب تاپالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى. مەن تاتما ئىچىدىن چۆرىسى كۆيۈپ كەتكەن ئاشۇ كىتابىمنى ھەر قېتىم قولۇمغا ئالغىنىمدا شۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئېسىمگە ئېلىپ قاتتىق نەپرەتلىنىمەن ۋە ئۇكام شۆھرەتكە:

- ئۇكام، ئوبدان ئوقۇپ بىلىم ئالغىن، تاپقان پۇلۇڭغا كىتاب ئالغىن، بوش ۋاقىت تاپساڭ كىتاب ئوقۇ، - دەپ تەربىيە بېرىمەن.

## ئۈچىنچى قېتىم ياغقان قار

قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە كىشىنىڭ ئۇيقۇسى تولىمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئەسقەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سائەتكە خۇش ياقمىغاندەك قارىدى ـ دە، دادىسىنىڭ يېرىم سائەت بالدۇر ئويغىتىۋەتكەنلىكىگە نارازى بولۇپ ئۆزىنى ئورنىغا تاشلىۋېتىپ، بېشىنى يوتقانغا چىڭ پۈركىۋالدى.

ـ ئەسقەر، تۇر دەيمەن! قار يېغىپ كەتتى، قارنى تازىلىۋېتىپ مەكتەپكە ماڭغىن، ـ دادىسىنىڭ ئاچچىق ئارىلاش ئاۋازى، بولۇپمۇ «قار يېغىپ كەتتى» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئاران يىغىشتۇرۇۋاتقان چالا ئۇيقۇسىنى چېچىۋەتتى، قار خۇددى ئۇنىڭ بېشىغا يېغىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «ئەجەبمۇ قۇتۇلمىدىم شۇ قاردىن، ـ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ـ قار ياغمايدىغان بىر جاھانمۇ بولارمۇ؟» ئۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، چېيىنى ئىچىپ بولۇپ قار تازىلاشقا چىققاندا، ئاتا ـ ئانىسى ئاللىقاچان ئىشقا كەتكەنىدى. ئۇ قولىغا كۈرەكنى ئالماي تۇرۇپلا يەلكىسىنى تاغ بېسىۋالغاندەك ئۇھ تارتىپ قويدى. كېچىچە ياغقان قار ئۇنىڭ ئۇشۇقىدىن ئاشاتتى، قار ئۇچقۇنلىرى قېرىشقاندەك ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرسا، ئاچچىق سوغۇق ئۇنى بوزەك قىلغاندەك يۈزىگە سانجىلاتتى، ئىشىك ئالدىدىكى كىچىككىنە بىر پارچە قار ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى پايانسىز ئېگىزلىكتىكى چەكسىز قاردەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى، ھەي، بۇ قارنى كۈرەپ تەگەتكىلى بولارمۇ؟

ئۇنىڭ چوڭقۇر ئويغا پاتقان كۆزلىرى بىردىنلا پارقىراپ، تۈرۈلگەن

چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ خۇددى كىنو ۋاقتى توشۇپ قالغاندەك ئالدىراپ كۆرەكنى قولىغا ئېلىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. دەسلەپ قارنى ئوتتۇرىدىن توغرىسىغا ئىككىگە بۆلدى، ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى قوشنىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھە دەپ دۆۋىلەشكە باشلىدى، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىشمۇ تۈگىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. ئىش خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەپچىل چارىسىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ ئالدىراپ مەكتەپكە كەتتى.

شۇ كۈنى كەچكىچە قار توختىمىدى. ئەسقەر بۈگۈنكى قار تازىلاش چارىسىنى ئويلاپ، غەم قىلماستىن خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

- ئەسقەر، تۇرغىن، قار يېغىپتۇ...، - دادىسىنىڭ ئاۋازى سەھەردە ئۇنى ئويغىتىۋەتتى، ئۇ ئىشلىرىنى ئالدىرىماي تۈگىتىپ تالاغا چىقىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئىشىك ئالدى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلانغانىدى، بۇنى كىم قىلغاندۇ؟ دەل شۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇيدىغان دىلشات بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئۆي ئىچىدىن ئاپىسىنىڭ:

- ئوغلۇم، تېخى بالدۇرغۇ؟ قار تازىلاپ ھېرىپ كەتتىڭ، دېمىڭنى ئېلىۋېلىپ ماڭغىن، - دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دىلشات ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

- ئاپا، بالدۇرراق بېرىپ مەكتەپتىمۇ قار تازىلايمەن، - دېدى - دە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئەسقەرنى كۆرۈپ:

- ئەسقەر ئاكا، مەكتەپكە ماڭامسىز، - دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى، ئەسقەر نېمە دېيىشنى بىلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئايان بولغانىدى.

دىلشات قانچە يىراقلاشسا، ئەسقەرنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆتۈلمىگەن بىر خىجىللىق شۇنچە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. نېمىشقىدۇ يۈزى قىزىرىپ، لەۋلىرى تىترەشكە، بەدىنى بوشىشىپ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىشقا، بۇ ھالەت قار تازىلىغاندىن نەچچە ھەسسە ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە قاتتىق خىجالەت ئازابىنى تارتتى. مەكتەپتە ۋە مەھەللىدە دىلشاتقا تىكىلىپ قارىيالمىدى. بۇ ئىشنى بىرەرسىگە دېيىشكە تېخىمۇ پېتىنالمىدى، ئۆيدە دادىسى ئۇنى ماختىغاندا، يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك قىينىلىپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. بۇ قار تاماق يەۋاتقاندىمۇ، ئىشلەۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيتتى. ئۇ ھەتتا چۈشىدىمۇ قار كۆردى. ئاپئاق ساقاللىق قار بوۋاي قولىغا كۈرەكنى ئېلىپ ئۇنى قوغلاپ يۈردى، ئۇ ئويغىنىپ چۈشىدە قارا باسقانلىقىنى ھېس قىلدى.

خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنى قىيناۋاتقان خىجالەت ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. «ئىسىت! - دەپ ئويلايتتى ئەسقەر ئىچىدە، - ئەجەبا، تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان دىلشاتچىلىك بولالمىدىم - دە؟ خەپ، ئەمدى قار يېغىپ باقسۇنچۇ؟» قاردىن بىزار بولغان ئەسقەر شۇ كۈنلەردە قارنىڭ يېغىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتى.

كۈتكەن كۈنلەرمۇ كەلدى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا بۇزۇلۇپ، كەچكە يېقىن ئۇششاق قار يېغىشقا باشلىدى، ئەسقەر ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ كەتتى. ئۇ كەچكىچە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، ئۇستەل سائىتىنى قولىغا ئېلىپ قوڭغۇراق ۋىنتىسىنى توغرىلاپ بۇراپ قويۇپ يېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەسقەرنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ:

- ئەسقەر، تۇرغىن، تالادا قار يېغىپ كەتتى...، - دەپ چىراغنى ياقتى. ئۇ رەتلىك يىغىلغان ئورۇن - كۆرپىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، دالان ئۆيگە چىقتى، ئوچاقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. قايناقسۇ پاراقلاپ قايناۋاتاتتى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تالاغا چىقتى، ئەتراپتا ھەتتا قوشنىلارنىڭ ئىشىك ئالدىدىمۇ قار كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۇدۇلدا قولىدا سۈپۈرگە تۇتقان قار بوۋاي كۆمۈردىن ياسالغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئەسقەرنىڭ دادىسى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزگە يېزىلغان خەتلەرنى كۆردى:

«دادا، مەن مەكتەپكە قار تازىلىغىلى كەتتىم. ئەسقەر.» ئەسقەرنىڭ دادىسى ھاياجانلانغىنىدىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىۋەتتى:

- بەللى، يارايسەن ئوغلۇم، ئەمدى ئادەم بوپسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يولدا قالغان ئۈچ بوغچا

سېنتەبىرنىڭ باشلىرى دەرس باشلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئىچى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كەتكەنىدى، تۆتىنچى سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسى ئاياغلىشىشقا ئاز قالغاندا، مۇسا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىۋېلىپ مۇختار بىلەن ئەكبەرنى يېنىغا چاقىردى. ئۇلار قولاقلىرىنى يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلىشىۋاتقاندا سائەت توشتى.

مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۈچىنچى يىللىق سىنىپنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆيلىرىگە تىزىلىپ قايتىشى كېرەك ئىدى. مۇختارغا ئەڭ خۇش ياقمايدىغىنى ئەنە شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ رەتكە تۇردى. سىنىپ باشلىقى كوماندا بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن تىزىلىپ چىقىپ كەتتى. تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، رەت ئارىسىدا كېتىۋاتقان مۇسا ئارقىسىغا قاراپ كۆزىنى قىستى. مۇختار بىلەن ئەكبەر رەتتىن چىقىپ تار كوچىغا قاراپ قېچىپ كەتتى. مۇسامۇ كەينىدىن يۈگۈردى، ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ بىر يەردە توختىدى:

- مەندە بىر مو سەككىز پۇڭ بار، سىلەردىمۇ باردۇ؟ - مۇختار ئىككىسىدىن سورىدى.

- مەندە ئىككى مو بار، تاۋۇز ئېلىپ يېمەيلىمۇ؟- دېدى مۇسا.

- مەندە بىر مو بار، شۇنداق قىلايلى،- دېدى ئەكبەر.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ پۇللىرىنى قوشۇپ مۇساغا تۇتقۇزۇپ تاۋۇز دۇكىنىغا كىردى. دۇكاندا ئادەم كۆپ بولۇپ، كىشىلەر تاۋۇزلارنى تاللاپ، ئاندىن ئىشىك ئالدىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان گىردە

ئۆلچىتىپ پۇل تاپشۇراتتى. مۇسا يوغان بىر تاۋۇزنى كۆتۈرگىنىچە كىشىلەر ئارىسىدىن ئىگىشىپ ئۆتۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، تاۋۇز ساتقۇچى تاۋۇزلارنى ئۆلچەش ۋە پۇل ئېلىش بىلەن بەنت ئىدى. مۇسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قولىدىكى تاۋۇزنى كۆتۈرگەن پېتى كەينىگە قارىماستىن مېڭىپ كەتتى. مۇختار بىلەن ئەكبەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئالاقزادە بولۇپ ماڭدى.

— هوي باللار، توختاڭلار! — تۇيۇقسىز چىققان بۇ تاۋۇشتىن ئۈچى تەڭلا چۆچۈپ كەينىگە قارىدى ۋە دەرھال جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتتى. تاۋۇز ساتقۇچى تۇۋلىغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى، ئۇلارنى تۇتالمىدى. بىراق مۇسا تاۋۇز تاللايدىغان چاغدا، ئۇستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان بوغچىسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇلار يۈگۈرە - يۈگۈرە يول بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا توختىدى. مۇسا قولىدىكى تاۋۇزنى يەرگە ئۇرۇپ چاقتى ۋە تاۋۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لوق گۆشكە چاڭ سالدى. مۇختار بىلەن ئەكبەرمۇ بىر پارچىدىن ئېلىپ ئالدىراپ يېيىشكە باشلىدى. مۇختار تۇرۇپ - تۇرۇپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ تاۋۇنى پۇلسىز ئېلىۋالغانلىقلىرىغا خۇشاللانسا، ھېلىلا بىر كىم كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئەندىشىلىك دۈپۈلدەيتتى. ئۇلار تاۋۇزنى يەپ بولاي دېگەندە، مۇسا قولىدىكى شاپاقنى مۇختارغا قارىتىپ ئاتتى، مۇختارمۇ ئاتتى، ئەكبەر تېخى يەپ بولالمىغان تاۋۇز پارچىسىنى ئۇلارغا قارىتىپ ئاتتى. ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ بىر مەيدان جەڭ قىلدى. شۇ ئەسنادا ئېتىلغان بىر پارچە شاپاق يول بويىدا كېتىۋاتقان بىر ئايالغا تەگدى. ئۇنىڭ ئاپئاق كۆڭلىكى لاي شاپاقتا رەسۋا بولۇپ كەتتى.

— قانداق دېگەن ئەدەبسىز باللار بۇ؟! — ئايال ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىدى. ئۇلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ جىم تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىنلا بىر ئەر كىشىنىڭ:

— سىلەر قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى؟ — دېگەن قاتتىق

ئاۋازى ئاڭلاندى، مۇسا ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھال قاچتى. ئەكبەر بىلەن مۇختارمۇ كەينىدىن قالماي قاچتى. پاسكىنا شاپاققا تولغان يول بويىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئەكبەرنىڭ بوغچىسى قالدى.

مۇسا يۈگۈرگىنىچە كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلىپ، قورۇلۇش سېلىنىۋاتقان بىنانىڭ ئالدىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختىدى. ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەكبەر بىلەن مۇختارغا قاراپ خۇددى تاغنى ئىگەللەپ تۇرغان باتۇرلاردەك كېرىلىپ:

- قېنى، نوچىلىرىڭ كېلىشە! - دەپ توۋلىدى، مۇختار بىلەن ئەكبەر ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە يەنە بىر مەيدان جەڭ باشلاندى، مۇسا ھە دېگەندە ئۇلارنى دومىلىتىپ چۈشۈرۈۋېتەتتى. بەزىدە ئۈچىلىسى پومىلاقلىشىپ تەڭلا دومىلاپ چۈشەتتى ۋە يەنە ئۆمىلەپ چىقىپ ئۈستۈنلۈكنى تالىشاتتى، ئۇلار ھېرىپ - ئېچىپ قارا تەرگە چۆمۈلگەندە توختايتتى. بايىقى شاپاق - شالتاققا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلەر ئەمدى لاي بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرى تۇپا - چاڭغا مىلىنىپ، قايسىسىنىڭ مۇسا، قايسىسىنىڭ ئەكبەر بىلەن مۇختار ئىكەنلىكىنى تونىغىلى بولمايتتى.

- ئەمدى ئۆيىمىزگە كېتەيلى، - دېدى ئەكبەر مۇساغا قولىنى تەڭلەپ، - تاۋۇزنى بىكارغا ئالدۇق، پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر، - دېدى مۇختارمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

- بەرمەيمەن، تاۋۇزنى مەن ئالدىمغۇ؟! - دەپ ۋارقىرىدى مۇسا قاپىقىنى تۈرۈپ. ئاچچىقلاش ۋە يالۋۇرۇشلاردىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ئەكبەر ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، مۇختارمۇ ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سالدى. جېدەل باشلاندى. باياتىن بېرى ئويناپ كۈلۈشكەنلەر ئەمدى راستىنلا ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. مۇسانىڭ يېشى چوڭراق، بويىمۇ ئېگىزرەك بولغاچقا، ھە دېگەندىلا ئىككىسىگە

بوزەك بولمىدى، ئۇ بىر قولى بىلەن مۇختارنى ئىتتىرىپ يەرگە يىقىتىۋەتتى، مۇختار ئاچچىقىدا يەردىن بىر پارچە تاشنى ئېلىپ مۇساغا ئاتتى. مۇسا بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى، تاش ئۇدۇل بېرىپ ئەمدىلا ئەينەك سېلىنغان بىنا دېرىزىسىگە تەگدى. «چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر پارچە ئەينەك كۇكۇم - تالقان بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئۇلار خۇددى يوگورۇش مۇسابىقىسىدا كوماندىنى كۈتۈپ تۇرغان تەنھەرىكەتچىلەردەك تەڭلا يۈگۈرۈپ تىكىۋەتتى، بىنادىن ئالدىراپ چىققان ئىشچى ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئاخىرقى قېتىم ئۇنتۇلغان مۇختارنىڭ بوغچىسىنى قوم دۆۋىسى يېنىدىن ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ئۇلار شۇ قاچقىنىچە ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى. مۇختار ئىشىكتىن كىرىپلا سوراققا قالدى، ئاپىسى ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىشقا باشلىدى:

- كىيىملىرىڭ نېمە بولدى، چىلىق - چىلىق سۇغۇ؟

- مەكتەپتە تازىلىق قىلغانىدىم. سۇ چېچىشىپ ئويناپ...

- سۇ چېچىشساڭ، بۇ نېمە لاي؟

- ھە... يىقىلىپ چۈشكەنىدىم.

- بوغچاڭ قېنى؟

- ھە... ھە... سىنىپتا قالدى، تازىلىق قىلىپ كىرسەك سىنىپ تاقىلىپ قاپتىكەن.

- ئەستەغپۇرۇللا بۇ بالىنىڭ كەپسىزلىكىنى، خەپ، داداڭغا ئېيتمىسام، ماڭ ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىڭنى يۆتكە!

ئىشنىڭ قىزىقى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتە باشلاندى.

مۇختارنى دادىسى يېتىلەپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى، ئۇ بوگۇن بالىسىنىڭ راست ياكى يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئېنىقلىماقچى ئىدى.

ئۇ ئىشخانىغا كىرگەندە مۇسا ۋە ئۇنىڭ دادىسى، ئەكبەر بىلەن ئاپىسى ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى. ئۈستەل ئۈستىدە ئۈچىنىڭ بوغچىسى تۇراتتى، مەكتەپ مۇدىرى قاپىقى تۈرۈلگەن هالدا ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ نېمىنىدۇ ئويلاۋاتاتتى. مۇسا بىلەن ئەكبەر يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇراتتى، مۇختار ئىشىكتىن كىرىپلا قورقىنىدىن دىر - دىر تىترەپ كەتتى.

ئىشخانا دېرىزىسىگە ئولىشىۋالغان بالىلار:

- تاۋۇز ئوغرىسى، تاۋۇز ئوغرىسى!... - دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراشتى، مۇختار ئىزا ۋە خىجالەتتە يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولدى.

## باغۋەننىڭ سوۋغىسى

پويىز ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. مەن شۇ پويىزدا بېيجىڭغا ئوقۇشقا كېتىۋاتىمەن. گەرچە يەنە بىر كۈنلۈك يول بولسىمۇ، خۇددى بېيجىڭ كۆرۈنىدىغاندەك دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ ئالدىمغا قاراپ ـ قاراپ قويىمەن. مېنى ئۇزىتىشقا چىققانلار ئىچىدە رەخىم مۇئەللىمنىڭ: «پولات، سېنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن ئۈمىدۋار سۆزلىرى خۇددى پويىز ئاۋازىدەك قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇراتتى. مەن خاتىرە دەپتىرىمنى ئېچىپ، رەخىم مۇئەللىم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتنى قولۇمغا ئالدىم. ئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا رەخىم مۇئەللىم كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىمۇ ماڭا سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن چەكسىز كۆيۈمچانلىقنىڭ يالقۇنلۇق ئوتلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ئېھ، رەخىم مۇئەللىم، سىز بىزنىڭ كۆيۈمچان تەربىيەچىمىز، مېھرىبان باغۋىنىمىز، سىزنىڭ جاپالىق مېھنىتىڭىز بىلەن سانسىزلىغان كۆچەتلەر ئەي بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، چېچەكلەپ مېۋە بەرمەكتە، مانا مەن سىزنىڭ ھالال ئەمگىكىڭىز بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان كۆچەتلەرنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟ مەن چوڭقۇر خىياللار ۋە كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە قولۇمدىكى رەسىمگە قارىغىنىمچە ئۆسمۈرلۈك ھاياتىمنىڭ ئۇنتۇلماس سەھىپىلىرىنى كۆز ئالدىمدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىدىم.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقىتلاردا بولسا دەرس بىلمەيدىغان بەڭباش بالا بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتتىم. مەكتەپكە كەلمەي كوچىلاردا ئويناپ يۈردۈم. كەلسەم ئوقۇتقۇچىنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلىدىم. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە يىللىق ئۆمرۈم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى.

جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بىر قىش كۈنى چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرە ۋاقتىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىر ئورۇندۇقنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويدۇم، سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمدىن بىر نەچچىسى ماڭا قارشى چىقتى. مەن، قېنى بۇلار نېمە قىلالايدىكىن، دەپ قولۇمدىكى ئورۇندۇقنىڭ پۇتىنى پىرقىرىتىپ بىر ئاتقانىدىم، دېرىزىنىڭ بىرنەچچە ئەينىكىنى بىراقلا چېقىۋەتتى، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلگەن سىنىپ باشلىقى گۈلنىساغا قولۇم تېگىپ كەتتى. ئۇ يىغلىدى. مەن قولۇمغا پول سۈرتكۈچنىڭ توقمىقىنى ئېلىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستىلىگە سەكرەپ چىقىۋالدىم - دە، كۆپچىلىككە:

- قېنى، قايسىڭ نوچى بولساڭ كېلىشە! غىدىڭ - پىدىڭ قىلغىنىڭ توقماق يەيسەن! - دەپ ۋارقىرىدىم، ئوقۇغۇچىلار ماڭا چۈقۇرۇشۇپ قارشى چىقىۋاتقان پەيتتە، سىنىپقا رەخىم مۇئەللىم تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆتۈرگەن هالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى، مەن ئاستا پەسكە چۈشتۈم. ئۇ بىر قاراپلا هەممە ئەهۋالنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ ماڭا:

- پولات، كوللىكتىپنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزغان ئوقۇغۇچى چوقۇم هېساب بېرىدۇ، - دەپ ۋارقىرىدى، مەنمۇ تەڭلا يېنىپ توۋلىدىم:

- بىلىۋاتىمىز، ئون يەتتە يىللىق كونا مائارىپنىڭ هېسابىنى بېرىۋاتقانلارنى.

- پولات، سەن ئۇلارنى دورىما، - دېدى مۇئەللىم ماڭا ئاجايىپ بىر خىل ئېچىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

- مۇئەللىم، سىز يەنە كىمگە قارشى چىقماقچى؟

- بىلىم ئېلىشقا قارشى چىققانلارغا قارشى چىقماقچى، - دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ. بالىلارمۇ چۇرقىراشتى. مەن سۆز تاپالماي ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. بىر تالاي ئاغزىمغا كەلگەن سۆزلەرنى قىلدىم - دە، «ئوقۇمايمۇ ئالىي مەكتەپكە كىرگىلى، خىزمەتكە ئورۇنلاشقىلى بولىدىكەنغۇ؟» دەپ غودۇڭشىغىنىمچە مۇئەللىمنىڭ توسقىنىغا قارىماي، بوغچامنى چۆرۈۋېتىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. بالىلار مېنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇشۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مەن شۇ كۈنى ئۇدۇل كىنوخانا ئالدىغا بېرىپ لاغايلاپ يۈردۈم. كەچتە ئۆيگە كەلسەم رەخىم مۇئەللىم دادام بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن قورقتۇم. دادامنىڭ ئاچچىقى بەك يامان ئىدى. شۇنداق قىلىپ رەخىم مۇئەللىمگە تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. ئۇلار ماڭا بىرمۇنچە تەربىيەلەرنى بەردى، لېكىن سۆزلىگەنلىرى ئۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. مەن پەقەت مۇئەللىم تېزرەك كەتسىكەن، دەپلا ئويلايتتىم. دادام مېنىڭ ئوقۇمايمەن دېگەن پىكرىمنى يوققا چىقىرىۋەتتى. شۇ كۈنلەردە دادامنى خىزمىتىدىن توختىتىپ قويغاچقا، ئاچچىقى كەلسە مېنى ئۇرۇپمۇ تاشلايتتى. دادام ئەتە سىنىپقا بېرىپ چېقىلغان دېرىزىلەرنى سېلىپ بەرمەكچى بولدى.

ئەتىسى مەن سىنىپقا كىردىم. تۈنۈگۈن چېقىلغان دېرىزىنىڭ كۆزلىرىگە قەغەز چاپلىنىپتۇ، پەقەت مېنىڭ ئورنۇمنىڭ ئۇدۇلىدىكى دېرىزە تۆشۈكى ئوچۇق ئىدى، ئۇ يەردىن كىرگەن سوغۇق يۈزلىرىمگە يىڭنىدەك سانجىلىشقا باشلىدى. مەن تىترەشكە باشلىدىم. ساۋاقداشلىرىم مېنى زاڭلىق قىلىپ، كۈلۈشكە باشلىدى. بىرى «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دەپ تەنىمۇ قىلدى. يۈزلىرىم چىمىلداشقا باشلىدى، قوڭغۇراق چېلىنىپ رەخىم مۇئەللىم دەرسكە كىردى. ئۇ ئارىلاپ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە، چاپىنىنى سېلىپ ماڭا يېپىنچاقلىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئىچ -

ئېچىمدىن ئازابلىنىشقا باشلىدىم، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل پۇشايمان ئارىلاش خىجالەتچىلىك قاپلىۋالدى. كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ، يەنىلا قىلىدىغىنىمنى قىلىپ يۈردۈم.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىمتىھان ئېلىندى. سوئال بەكمۇ قىيىن ئىدى. ھەممىسىلا قائىدە - فورمىلىلار بولۇپ، بىرنىمۇ بىلمەيتتىم. باشقىلار شىرىلداپ يازماقتا ئىدى، ئامال بولمىدى، كىتابتىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەمدىلا قولۇمنى پارتىغا سېلىپ كىتابنى ئېلىشىمغا، تۇيۇقسىز بىر قول كېلىپ كىتاب بىلەن قولۇمنى قوشۇپ تۇتۇۋالدى، مۇئەللىم كىتابىمنى تارتىۋېلىپ ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. يەنە قاراپ ئولتۇرۇپ باقتىم. باشقىلاردىن كۆچۈرمەكچى بولدۇم، ھېچكىم قەغىزىنى كۆرسەتمىدى، ئىلاجىسىز قەغەزنى ئاق پېتى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.

- پولات، قەغەز ئاپئاق پېتى تۇرۇپتىغۇ؟ - مۇئەللىم ئەجەبلىنىپ ماڭا قارىدى، باللار مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكە باشلىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي مۇئەللىمگە بىر ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم.

ئۆزۈمنىڭ شۇ قىلىقىدىن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بولمىدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا ھاۋا ئىسسىپ، دەرەخلەر نوتا چىقىرىشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى. مەن لېپىر ياساپ ئويناش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىغا ئېسىلىپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقتىم، «يامانىنىڭ توقمىقى يېنىدا» دېگەندەك، تامنى دەسسەپ تۇرۇپ قولۇمنى دەرەخ شېخىغا سوزۇشۇم بىلەن تەڭ دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، تۇيۇقسىز سول پۇتۇم قارس قىلىپ بىر تاشقا تەگدى! بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، «ۋايجان» دېدىم - دە، يېتىپ قالدىم. ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

ھوشۇمغا كەلگەندە، دەسلەپ رەخىم مۇئەللىمنى كۆردۈم. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن پېشانەمدىكى تەرنى ئېيتىۋاتاتتى. مۇئەللىمنىڭ

ئېچىنىش ۋە كۆيۈنۈش ئارىلاش قارىشىدىن يۈرىكىم يەنە ئېچىشىپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى مۇئەللىم ئېغىر تۈنۈگۈنلا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، دەل - دەرەخلەرنى ئاسراش ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلىگەنىدى. ساۋاقداشلىرىم گېپىسلاپ تېگىپ تاشلانغان پۈتۈمغا قارىشىپ ئەتراپىمدا تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدىلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئىللىق سېزىم ئىگەللەپ، سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ مېھرىبانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدۇم. كېيىن ئۇقسام، مەن ھوشۇمدىن كەتكەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىم يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مۇئەللىمنى چاقىرىپتۇ، مۇئەللىم مېنى مەكتەپ دوختۇرى بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ ۋە ئۆيدىكىلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە بالا ئەۋەتىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ مۇئەللىم مېنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر قېتىم كەلگىنىدە دەرسلىك كىتابلارنى، ھېكايە كىتابلارنى ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى ماڭا ئاستا - ئاستا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۆزۈمگە خۇددى ئاتا - ئانامدەك مېھرىبان كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي مەن ئائىلىگە چىقىپ داۋالاندىم. رەخىم مۇئەللىم ھەركۈنى كەچتە كېلىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ماڭا ئۆگىتىپ تۇردى. بۇرۇن ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قايتا چۈشەندۈرۈپ قويدى، پۇتۇمنىڭ ساقىيىشىغا ئەگىشىپ قەلبىممۇ كۈندىن - كۈنگە يورۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا بۇزۇلۇپ قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن خىيالىمدا قاتتىق يامغۇردا مۇئەللىم كېلەلمەيدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم، لېكىن نېمىشقىدۇ ئىشىكتىن كۆزۈمنى ئالالمايتتىم. شۇ چاغدىلا مۇئەللىمنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى، رەخىم مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى

چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتىكىدەك، ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىمنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى، ئەمما مۇئەللىم ئۇن - ئون بەش مىنۇتتا بىر قېتىم كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە كۆزىنى ئېچىپ دەرس سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى. مەن ھەيران قالدىم. بۇنى سەزگەن دادام:

- رەخىم مۇئەللىم، كۆپ چارچاپ كەتكەن ئوخشايسىز، بولدى قىلىڭ، بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىڭ، - دېدى. رەخىم مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

- ياق، ھېچقىسى يوق، - دېدى-دە، يانچۇقىدىن بىر قاپ دورىنى ئېلىپ ئىككى تابلېتكىنى قايناقسۇ بىلەن ئىچىۋېتىپ دەرسنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىن توختىماي تەر ئېقىپ تۇراتتى. مەن شۇ چاغدىلا مۇئەللىمنىڭ ئېغىر زۇكام بولغانلىقىنى، قان بېسىمىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى قاتتىق تەسىرلەندىم، دادام ھاياجانلانغان ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

بالام، رەخىم مۇئەللىم ھەقىقەتەن ياخشى ئۇستاز ئىكەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى سىلەرنى تەربىيەلەشكە بېغىشلىغانىكەن. جېنىم بالام، مۇئەللىمىڭنىڭ سۆزىنى ئوبدان ئاڭلىغىن، - دېدى.

مەن شۇ يىلى قىشلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە ھاسا تايىنىپ بېرىپ - كېلىپ ئوقۇدۇم. دەرس نەتىجىلىرىم ياخشى بولدى. يىللىق ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتتۈم.

مەن بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتناشتىم. نەتىجەم ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا تاللاندىم، مەكتەپتە ئۇزتىش يىغىنى ئېچىلدى. مەكتەپ مۇدىرى كۆكسۈمگە قىزىل گۈل تاقىدى. مەن قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۆچلۈك ھاياجان بىلەن رەخىم مۇئەللىمگە قارىدىم. ئۇ خۇددى بۇرۇنقىدەكلا ماڭا چوڭقۇر كۆيۈنۈش بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە خۇددى قىزىلگۈلنىڭ ياپرىقىدىكى شەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ياش تامچىسى چىراغ نۇرىدا مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

ئېھ ئۇستاز، بۇ ياشنىڭ ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئەمگەكنىڭ تامچىسى ئىكەنلىكىنى مەن بىلىمەن، بۇ ياشنىڭ سىزنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇپ چىققان مىننەتدارلىق يېشى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، بۇ ياش ئىشچان باغۋەننىڭ پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرۈۋاتقان مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق سۈيى ئىدى. بۇ ياش رەخىم مۇئەللىمنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن سوۋغىسى - چېچەكلەش ئالدىدىكى قىزىلگۈلنىڭ ياپرىقىدىكى شەبنەم ئىدى. مەن يۈگۈرگەن پېتى رەخىم مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا باردىم - دە، مەيدەمدىكى قىزىل گۈلنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقىدىم.

ئېھ مۇئەللىم، بۇ ئالقىش، تەنتەنە، شان - شەرەپ ھەممىسى سىزگە مەنسۇپ! كۆزۈمدىن تەشەككۈر ياشلىرى ئېقىشقا باشلىدى، ئەتراپتا ئالقىش سادالىرى پەلەككە ياڭرىدى. مەن سۆيۈملۈك مۇئەللىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم...

پويىز ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. مەن قولۇمدىكى سۈرەتكە زوق بىلەن تىكىلدىم. مۇئەللىم ماڭا كۆلۈمسىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. چوڭقۇر خىياللىرىم مۇئەللىمنىڭ ئۈمىدۋار سۆزلىرى بىلەن بىللە قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى.

# ئالتۇن ھالقا

يەكشەنبە كۈنى ئىدى.

ئېگىز بىناغا ئەمدىلا كۆچۈپ كەلگەن مۇختار ئورنىدىن ۋاقچە تۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ بالكونغا چىقىپ، بەشىنچى قەۋەتتىن تۆۋەنگە قارىدى. بىنانىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا سەككىز بالا ئىككى تەرەپ بولۇپ توپ ئويناۋاتاتتى. بىر تەرىپىگە دوپپا، يەنە بىر تەرىپىگە چاپان قويۇپ ياسالغان ۋاراتاردا ئالابالداق پوپايىكا كىيىۋالغان، يۇمىلاق كۆزلۈك كىچىك بىر بالا تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇختارنى كۆردى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈشكە ئىشارەت قىلدى. مۇختار ئوتتۇرىدا توختىماي تېپىلىۋاتقان توپقا سەپسالدى. بۇ باھاسى ئەرزان، يېشىل رەڭلىك رېزىنكە توپ ئىدى. مۇختار ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئۆزىنىڭ چىرايلىق توپىنى ئالدى - دە، يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۇ بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. تىنىماي يۈگۈرۈپ توپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ پۇتىدىن بەدىنىدىن توختىماي تەر ئېقىۋاتاتتى. ئۇلار ھالسىرىغان ۋە جىددىيلەشكەن بولۇپ، چىرايلىرى توپا - چاڭغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆتۈرۈپ چۈشكەن توپىنى يەرگە قويۇپ، ھېلىقى بالىغا قارىدى. ئۇ ئەللىك قەدەم نېرىدىكى ۋاراتاردا تۇرۇپ مۇختارنى يەنە چاقىردى. مۇختار ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

- ئىسمىڭ نېمە؟

- مۇختار.

- بەشىنچى قەۋەتكە كۆچۈپ كەلدىڭلارمۇ؟

- ھەئە، - بويى ئۆزىدىن ئانچە پەرقلەنمىسىمۇ، ئۇنى مەنستەمەي سوراق قىلغىلى تۇرغان بۇ بالىنىڭ قىلىقى نېمىشقىدۇ مۇختارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

- شەۋكەت! ھەي شەۋكەت! تۇيۇقسىز ئىككىنچى قەۋەتتىكى بالكوندىن پاكار بويلۇق سېمىز بىر ئايالنىڭ كۈچىنىڭ بېرىچە چىرقىراپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، - بۇ ياققا كەل، مەن نېمە دېدىم؟ - ئايالنىڭ يوغان كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى. قولىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ھالقىسى كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى.

ئۇ ئايال دەل مۇختارنى سوراق قىلىۋاتقان بالىغا قاراپ توۋلاۋاتاتتى.

- ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، ئورنۇمغا سەن ئويناپ تۇرە.

شەۋكەت بىنا ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى. مۇختار ۋاراتاغا كېلىپ تۇردى. شۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق توپىنى ئىشىك يېنىدا تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ قارىدى. تۇيۇقسىز:

- ھەي، ۋاراتار شوركا، چاپسان، توپ كەلدى! - دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمچىسى توپنى ئۇدۇل ۋاراتارغا تەپتى. كۈتۈلمىگەندە، توپ مۇختارنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى:

- يارايدۇ، بىزنىڭ ۋاراتار يارايدۇ.

- ھە، تۈنۈگۈن بەشىنچى قەۋەتكە كۆچۈپ كەلگەن بالا شۇغۇ؟

مۇختار قولىدىكى توپنى قارشى تەرەپكە تېپىۋەتكەندىن كېيىن، توپى ئېسىگە كېلىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. توپ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەممە ياققا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. توپ ھەقىقەتەن يوق ئىدى.

- ۋۇي، كىم ئالدى؟ - ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئىشىك ئالدىغا شەۋكەتتىن باشقا ھېچكىم بارمىدى. ئۇ ۋاراتارنى ئوچۇق قويۇپ ئىشىككە يۈگۈردى، بىراق توپنى تاپالمىدى. ئۇ

هودۇققان هالدا ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپەيگە چىقتى.

- ئۇ پاسكىنا شۇملار بىلەن ئارىلاشما دەپ قانچە قېتىم ئېيتتىم. بىلەمسەن، سەن كىمنىڭ بالىسى؟ «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى»، - ئۆي ئىچىدىن بايىقى ئايالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇختار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەن بولسىمۇ ئەيمىنىپ كىرەلمىدى.

- شەۋكەت، توپۇمنى ئەكەل! - مۇختار توۋلىدى.

- نېمە دەيسەن؟ - ھېلىقى ئايال كۆزلىرىنى پىيالىدەك قىلىپ چىقىپ كەلدى.

- بالىڭىز توپۇمنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى، - مۇختار قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى، ئايال ئۇنىڭغا شۇنداق سەت ئالايدىكى، ئۇ گويا بۇتخانىدىكى بۇتلاردەك كۆرۈندى، ئۇنىڭ قولىقىدىكى يوغان ھالقىسى خۇددى قوڭغۇراقتەك پوۋلاڭلاپ تۇراتتى:

- نېمە دەيسەن؟ سەن ئوغرى شۇملار، تۈنۈگۈن كېلىپ بۈگۈن بىزنى ئوغرى تۇتامسەن، يوقال كۆزۈمدىن! بىز بارغۇ، سەنلەرگە ئوخشاش قەلەندەر ئەمەس، شەۋكەتنىڭ ھەممە نېمىسى بار. توپ - پوپ دېگەنلەرگە كۆز - قارنى توق، ماڭ - ماڭ!

مۇختار دەسلەپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن بولغان ئىشنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۆكسۈپ - ئۆسۈپ يىغلاپ كەتتى، دادىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

- خەير... بوپتۇ بالام، مەن ساڭا باشقىدىن بىر توپ ئېلىپ بېرەي، - دېدى. ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتمىگەنىدى، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى، مۇختار ئىشىك ئالدىدا دېۋەيلەپ تۇرغان ھېلىقى ئايالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان بولۇپ، بىقىنىنى تۇتقىنىچە:

- ھەي خەق، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتسەن؟ ھېلىتىن بالامنى ئوغرى تۇتۇۋاتسەن. ئەتە - ئۆگۈن گەپ بار ئوخشىمامدۇ؟ توپ كېرەك بولسا، بازاردىن مەن ئېلىپ بېرەي، ھوشۇڭنى يىغىۋېلىش! - دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى يوغان ھالقىلىرى ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك پۇلاڭشىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى زەردە بىلەن ياپتى - دە، چىقىپ كەتتى.

- بۇ تازىمۇ ھازازۇل خوتۇنمۇ نېمە؟ - دېدى مۇختارنىڭ دادىسى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان ئايالىغا.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى چۈشتە مۇختار پەلەمپەيدە پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئېڭىشىپ يوغان ھالقىنى قولىغا ئالدى. كۆز ئالدىغا ھېلىقى ئايالنىڭ يوغان ھالقىسى كەلدى. ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ھالقىنى چىڭ سىقىمداپ، شەۋكەتنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، ئىشىك ئېچىلىپ شەۋكەت چىقتى.

- شەۋكەت ئاپاڭ بارمۇ؟ - مۇختار ئاستا سورىدى.

- ئاپام ساقچىغا كەتتى، ئالتۇن ھالقىسىنىڭ بىرىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، - دېدى شەۋكەت مۇختارغا. مۇختار قولىنى سوزۇپ ئالقىنىنى ئاچتى:

- مانا ھالقا، پەلەمپەيدىن ھازىر تېپىۋالدىم.

شەۋكەت خۇشاللىقىدىن ھالقىنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، ئارقىدىنلا:

- مۇختار، توختاپ تۇر، - دەپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى، ئۇ مۇختارنىڭ يېپيېڭى توپىنى ئېلىپ چىققانىدى.

- ئاداش بىز يېقىن دوست بولايلى، - دېدى ئۇ ئاستا.

ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلگەن شەۋكەتنىڭ ئاپىسى بىلەن

ساقچى بىرى توپنى، بىر ئالتۇن ھالقىنى تۇتۇپ، قوللىرىنى بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرغان ئىككى بالىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

# بەش ياشلىق مەرگەن

ـ بالىغا مۇنداق ئويۇنچۇقنىمۇ ئېلىپ بېرەمدۇ؟ مەن نەچچە رەت كوچىغا ئېلىپ چىققاندا يىغلاپ تۇرۇۋالغاندىمۇ ئېلىپ بەرمىگەنىدىم. يەنە كېلىپ قىممەتلىكىنى قارىمامدىغان، پۇلنى زايە قىلىپ...

ـ ھەي، ئۇنداق دېمەڭ، بالا قىززىقانىكەن، ئويىنىسۇن، نەزەر - دائىرىسى كېڭىيىدۇ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئىز باسارىمىز ئەمەسمۇ؟!

ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئەنۋەر ئۆيىنىڭ بىر چېتىگە قويۇلغان قوش كارىۋاتتا ئەپچىللىك بىلەن ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، دادىسى يېڭى ئېلىپ بەرگەن كىچىككىنە سۇلياۋ تاپانچىنىڭ پوجاڭزىدەك ئوقلىرىنى بەتلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بىر - بىرلەپ ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئەنۋەر توختىماي گەپ سورايتتى:

ـ دادا، بۇ تاپانچىنى نېمە قىلىدۇ؟

ـ دۈشمەنلەرنى ئاتىدۇ، بالام.

ـ مانا مۇنداق،ـ دادىسى كارىۋاتتا تۇرغان بىر ژۇرنالنىڭ قايسى بىر كىنودىكى كۆزەينەكلىك دۈشمەن باشلىقىنىڭ بېشى چۈشۈرۈلگەن سۈرەت بار بېتىنى ئېچىپ، كارىۋاتنىڭ بېشىغا تىكلەپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ھە، مانا قارا، بۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى قارىغا ئېلىپ ئات.

كىچىككىنە سۇلياۋ ئوقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلىشقا باشلىدى. ئەنۋەر ئوقلىرىنى تېرىشتۇرۇپ، قايتا بەتلەشكە باشلىغاندا، دادىسى كىرىسلوغا ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇشقا كىرىشتى، ئاپىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ بالام، قېنى، داداڭنىڭ بېشىغا تەگكۈزۈپ باقە، ھە ئاتە، ـ دېدى. ئەنۋەر تاپانچىسىنى دادىسىغا قارىتىپ تەپكىنى باستى. ئوقلار مۇنچاقتەك تاراسلاپ گېزىتكە تېگىشكە باشلىغاندا، دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئەنۋەرگە قاراپ:

ـ ئاتما، مەن تەسلىم بولدۇم. قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغانلارنى ئاتمايدۇ، ـ دېدى. ئەنۋەر ئېتىشنى توختاتتى، ئۇ سەل رەنجىش ئاھاڭى بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئاپىسىغا:

ـ بالىغا ئويۇنچۇقنىمۇ مەقسەتلىك ئۆگىتىش كېرەك، بۇنداق ئۆگىتىشىڭىز ياخشى ئەمەس، ـ دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئەنۋەرنىڭ دادىسى ئەزىز ئاكا رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، دائىم يېنىغا تاپانچا ئېسىپ، ئالدىراشلا يۈرەتتى. ئۇ بىر كۈنى كېچىچە رازۋېتقا خىزمىتى بىلەن ئۇخلىماي، چۈشكە يېقىن ئۆيگە كەلدى ۋە كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ، يانغا بىر ئۆرۈلدى ـ دە، تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ شىم تاسمىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېسىۋالغان «ئات» ماركىلىق كىچىك تاپانچىسىنىڭ غىلاپى پەسكە ساڭگىلاپ قالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاپىسى ئەنۋەرنى يەسلىدىن ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئەزىز ئاكىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئەنۋەرگە ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەنۋەرنىڭ كۆزى دادىسىنىڭ تاپانچىسىغا چۈشكەنىدى، ئۇ يېنىك دەسسەپ كرېسلونىڭ يېنىغا كەلدى، ئاۋۋال تاپانچىنىڭ غىلاپىنى ئاۋايلاپ سىلاپ باقتى، كېيىن دادىسىنىڭ تاپانچىسىنى تۇتۇپ قويسىمۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ

كېتىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ قورققان بولسىمۇ، بىر كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسى ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىختىيارسىز ھەرىكەتلەندۈردى. ئۇ غىلاپ تۈگمىسىنى ئاستا يېشىپ، تاپانچىنى يەڭگىل سۇغۇرۇپ ئالدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇيان - بۇ يان سىلاشتۇرۇپ كۆردى، تاپانچا ئۆزىنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ قولى بىردىنلا تاپانچىنىڭ پايىنكىگە ۋە باشمالتاق بارمىقى تەپكىسىگە ئەپچىلگىنە چۈشتى. بىراق تەپكە بېسىلمىدى، ئۇ بۇ چاغدا بىر پاي ئوق ئېتىپ بېقىشتىن باشقا ھەممىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇغانىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ كارۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئارقىغا بۇرالدى، ئاپىسىنىڭ «ھە، بېشىغا ئاتە» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىپ، تاپانچىنى دادىسىنىڭ بېشىغا قارىتىپ تەپكىنى باستى، يەنە ئېتىلمىدى. تەپكە زادىلا ھەرىكەتلەنمەيتتى. ئۇ سول قولى بىلەن ستۇول ئۈستىدىكى يېرىم تۇرۇبا شەكلىدىكى پولاتنى تارتقانىدى، ئارقىغا يېنىك ياندى - دە، قايتىپ ئۆز ئورنىغا چۈشتى. ئەزىز ئاكا «شاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يانپىشىنى سىلىدى. تاپانچىسىنى تەگلەپ كۆلۈپ تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى تاپانچىنىڭ ھېلىلا بەتلەنگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى. كېچە جىددىي ۋەزىپىدە ئۇدارىنىڭ بىخەتەرلىك قۇلۇپىنى ئېچىۋەتكىنىمۇ چاقماق تېزلىكىدە ئېسىگە كەلدى. بۇنداق ھەل قىلغۇچ جىددىي پەيتتە بالىنى پەيلىدىن ياندۇرۇش بەكمۇ تەس ئىدى، ھەقىقەتەنمۇ مۆشۈككە ئوخشاش، چاشقانغا قېيىن بولۇۋاتاتتى. ئۇ:

- بالام، ئاتما، مەن تەسلىم بولدۇم، - دېگىنىچە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەنۋەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تاپانچىنىڭ ستۇولىنى دادىسىدىن بۇرىغان بولسىمۇ، تەنتەك كۆڭلى تەپكە باسقان بارمىقىنى تارتىۋەتتى. «پاڭ» قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشكاپ ئەينىكى جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ چېقىلدى، تاپانچا ئەنۋەرنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشتى. ئەنۋەر

قولىنى يەنە، تاپانچىغا سوزۇشىغا، «چاك» قىلغان كۈتۈلمىگەن بىر شاپىلاق بىلەن، يۈگۈرۈپ كىرگەن ئاپىسىنىڭ ئالدىغا دۈم چۈشتى، يەردىكى تاپانچا ئاپتوماتىك بەتلىنىپ بولغانىدى. ئەنۋەر قولىقى بىلەن مەڭزىدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق ھارارەتتىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمىدى.

كۈتۈلمىگەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. كىچىك بالىدىن رەنجىگىلى بولامدۇ؟ ئەزىز ئاكا ئەنۋەرنىڭ تاسادىپىي سەۋەنلىكىنى بىلمەسلىكىنىڭ نەتىجىسى، بىلىۋېلىشىنىڭ بىرىنچى قەدىمى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا راست تاپانچىنى تۇتماسلىق، تاپانچىنىڭ دۈشمەنلەرنى ئاتىدىغان قورال ئىكەنلىكى، چوڭ بولغاندا راست تاپانچا ئاتىدىغان قورال ئىكەنلىكى، چوڭ بولغاندا راست تاپانچا ئېلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ تەربىيە بەردى. ۋەقەنى تەشكىلگە مەلۇم قىلىپ، تاپانچىسىدىن ئالتە ئايلىق ئايرىلدى.

— دېمىدىممۇ؟ — دەيتتى ئەنۋەرنىڭ ئاپىسى بىردەم ئەزىز ئاكىغا، بىردەم ئەنۋەرگە كايىپ، — بالا دېگەنگە ھېچنېمىنى تۇتقۇزمىسا بولىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنۋەرنىڭ تاپانچىسى كۆرۈنمىدى. ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئويۇنچۇقىغا بولغان مېھىر ئوتى ئۆچۈرۈلگىنى بىلەن، يۈرىكىگە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر ئوت تۇتاشتى. دادامدەك تاپانچا تۇتۇپ، دۈشمەنلەرنى «تاك - تاك» قىلىپ ئېتىپ باقسام، دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق دۈشمەنلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆيدىكى تېلېۋىزوردىن سوقۇش فىلىملىرىنى ئۇخلىماي كۆرىدىغان، ھەرخىل سوئاللارنى زېرىكمەي سورايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى تېلېۋىزوردا بىر ئىشپىيوننىڭ بىر ساقچىنى بېسىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ قوياي دېگەندە يەنە بىر ساقچىنىڭ تاپانچا بىلەن ئىشپىيوننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن فىلىمنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى. يەنە بىر

ئىشپىيوٛن قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىزلا:

- دادا، تاپانچاڭنى ماڭا بېرە، مەن ئېتىۋېتەي، - دەپ تاشلىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆسۈۋاتقان ئەقىل ۋە قەھرىمانلىقنىڭ دەسلەپكى بىخى ئىدى. ئەزىز ئاكا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئاپىسى:

- كۆردۈڭلارمۇ بۇنىڭ يۈرىكىنىڭ يوغىناپ كېتىۋاتقىنىنى؟ ماڭ، بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمەي يېتىپ ئۇخلا! - دەپ ئۇنىڭ ئوتتەك ھېسسىياتىغا سوغۇق سۇ سەپتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى كەچتە، ئەنۋەرنىڭ ئاپىسى كېچىلىك سىمېنىغا چىقىپ كېتىپ، ئەنۋەر دادىسى بىلەن ئۆيدە قالدى. ئۇلار تازا كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. ئەزىز ئاكا تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. تېلېفون بەرگۈچى ئۆزىنى شەھەرلىك باشقارمىدىن دېدى. ئۇنىڭ ئىسمى ناتونۇش ئىدى، ئۇ ئەزىز ئاكىدىن سالامەتلىكىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۆيدە باشقا كىشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراشتۇرۇپ، ئاندىن 101 - نومۇرلۇق ئەنزىنىڭ يىپ ئۇچى توغرىسىدا سۆزلەشكىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى - دە، تۇرۇپكىنى قويدى. ئەزىز ئاكا ئەنۋەرنى ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە «101- نومۇرلۇق قاتىللىق ئەنزىسى...» دېدى -دە، ئويغا چۆمدى.

بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئاۋۋال مالىمانچىلىقلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە نۆۋەتچى بۆلۈمگە تېلېفون كېلىپ، جىددى ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئەزىز ئاكا نەق مەيدانغا ۋېلسىپىت بىلەن يېتىپ كەلگەندە، بىر نەپەر بانكا خادىمىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. ماراپ تۇرغان تېلېفون بەرگۈچىدىن ئىككى نەپەر بۇلاڭچىنىڭ نۇرغۇن پۇلنى بۇلاپ، بەش مىنۇت ئىلگىرى ۋېلسىپىت بىلەن شەرقىي كوچىغا قاراپ قاچقانلىقى

ئاڭلاندى - دە، دەرھال پەرەز بىلەن يان كوچىدىن قوغلاپ ماڭدى ۋە بۇلاڭچىلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ توستى. بۇلاڭچىلار قارشىلىق بىلدۈرۈپ، بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشتى، كېيىن ئۇ يارىلاندى، سول پۇتىنىڭ پىچاق سېلىنغان ئىككى يېرىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى، بۇلاڭچىلار يەنە قاچتى، ئۇدەل شۇ پەيتتە بىر پاي ئوق ئېتىپ، بۇلاڭچىلارنىڭ بىرىنى يارىلاندۇرۇپ قولغا چۈشۈردى، قاتىل يەنە بىرىنىڭ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. رەسىمگە قاراپ ئىزدەشكەن بولسىمۇ، ئۇ زادىلا تېپىلمىغانىدى... مانا ئەمدى يىپ ئۇچى تېپىلدى...

ئەزىز ئاكا ئۇخلاپ قالغان ئەنۋەرنىڭ ئۈستىگە ئەدىيال يېپىۋاتقاندا، ئوتى ئۆچۈرۈلگەن مۇتسىكلىت ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە كۆپكۆك كىيىم كىيگەن، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر كىشى بىلەن تەڭ بەتلەنگەن تاپانچا كىردى ۋە جىددى كوماندا بېرىلدى. ئەزىز ئاكا قولايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، تام تەرەپتىكى ئۈستەل ئالدىغا كەلگەندە توختىدى، ئۇ تامدىكى ئەينەكتىن ئالتە يىل ئاۋۋال قاچقان قاتىلنى ئېنىق تونۇدى. قاتىل سۈرلۈك ئاھاڭدا:

- ئىنىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم، سېنى ئاتىمەن، خالاس! بىراق جان كېرەك بولسا، ئىنىمنى ئىككى ئاي ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىپ قويۇپ بېرىسەن! مۇكاپاتىڭ مانا، - دەپ تۆتلىك قېلىنلىقتىكى ئون يۈەنلىك بىر بولاق پۇلنى قوينىدىن چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى.

- ئەلۋەتتە، جان كېرەك! - دېدى ئەزىز ئاكا مەنىلىك قىلىپ، ئىچىدە بولسا پۇلۇڭنى ئېلىۋالغىنىڭ يېنىمغا كېلەرسەن، دەپ ئويلىدى.

- ئۇنداق بولسا، ياز! سول قولۇڭنى چۇشۇرمەيسەن! - دېدى قاتىل ۋە ھەربىر سۆزنى ئۆزى ئېيتىپ بېرىپ خەت يازدۇرۇپ، تامغا باستۇردى. ئاندىن ئەزىز ئاكىنىڭ ئوڭ قولىنىمۇ كۆتۈرگۈزۈپ، ئېھتىيات بىلەن يېقىنلاپ كېلىپ تاپانچىسىنى ئۇنىڭ بىقىنىغا نىقتاپ تۇرۇپ سول قولىنى قەغەزگە سوزدى. بۇ ھالقىلىق پەيت ئىدى! قاتىل دىققىتىنى سول قولىغا مەركەزلەشتۈرگەن سېكۇنت ئىچىدە، ئەزىز ئاكا سول قولى بىلەن ناگاننى، ئوڭ قولى بىلەن قاتىلنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈردى. ئۇ ئېتىلىپ كەلگەندە قاتىل ئۇنى تېپىپ يىقىتتى، يەردە پارقىراپ تۇرغان بەتلەنگەن تولۇقچاق تاپانچىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككىسىگە پۇرسەت چىقمىدى. جىددىي ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. تالاي توپىلاڭدا يۇرىكى پىشىپ كەتكەن قاتىل زادىلا بوي بەرمىدى. ئۇلار پومداقلىشىۋاتقاندا، قاتىل ئىككى قولى بىلەن ئەزىز ئاكىنىڭ چېچىنى تۇتاملاپ، بېشىنى سېمونت پولغا بىر نەچچىنى ئۇرۇپ، ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇشقا ئۈلگۈردى. ئەپسۇسكى، ئەزىز ئاكىنىڭ يەرگە تىرەپ ئۆرۈلۈشكە ياردەم بېرىدىغان سول پۇتى ئالتە يىل ئاۋالقى زەربە تۈپەيلىدىن ئاجىز كەلدى، ئۇ قاتىلنىڭ ئاستىدا قالدى.

تاراق - تۇرۇقتىن ئويغانغان ئەنۋەر بىر ھازا تورۇسقا قاراپ ياتقاندىن كېيىن، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، چېلىشىۋاتقان ئىككى كىشىنى، ئۇلاردىن سەل نېرىدا پارقىراپ تۇرغان تاپانچىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل بېرىپ تاپانچىنى ئالدى. بۇ تاپانچىمۇ ئېغىر ئىدى. ئەنۋەر ئۇنىڭ يۇمىلاق تولۇقچىسىغا، تۆشۈكچىلىرىدىن پارقىراپ تۇرغان ئالتە تال ئوققا ھەيران قالدى. بۇ چاغدا قاتىل ئەزىز ئاكىنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ ھە دەپ ئۇنى بوغۇۋاتاتتى، مىنۇت ئۆتسە، ئەزىز ئاكىنىڭ قاتىلنىڭ قولىدا جان بېرىشى چوقۇم ئىدى. ئەنۋەر دەسلەپ

بۇ ئويۇنغا ئانچە قىزىقمىغانىدى، كېيىن دادىسىنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى، كېيىن قاتىلىنىڭ يىرتقۇچلاردەك چىرايىنى كۆردى - دە، ئېسىگە دادىسىنىڭ «تاپانچىدا دۈشمەنلەرنى ئاتىدۇ...» دېگەن سۆزى كەلدى. كۆز ئالدىدىن كىنودىكى كۆرۈنۈش غىل - پال ئۆتكەندەك بولدى، ئۇ ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى سول قولىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېگىز كۆتۈردى، تاپانچىنى ئالدىدىكى ئادىمنىڭ پېشانىسىگە قارىتىپ تەپكىنى باستى! «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ناگان ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرغان كىشى يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئەنۋەرنىڭ بۇرنىغا بىرخىل سېسىق ئىس پۇرىقى ئۇرۇلدى. يىقىلغان كىشىنىڭ بېشىدىن بۇلدۇقلاپ قاپقارا قان چىقماقتا ئىدى. ئەنۋەر ھودۇقۇپ يەردە ياتقان دادىسىغا قارىدى. دادىسى ئېغىر ئۇھ تارتىپ كۈلۈمسىرىدى. ئەنۋەر بىر چاغلاردا كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن شاپىلاقنى ئېسىگە ئالدى - دە، قورقۇپ كەتتى، ئالدىدا ياتقان جەسەتنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتتى.



قولىڭىزلاردىكى مەزكۇر كىتاب ئالدىنقى قاتاردىكى باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى، ئەدىب، جامائەت ئەربابى ۋە ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتچى ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ ئىلگىرى نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىنغان ۋە ھازىرغىچە نەشر قىلىنماي ئورگىنال ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن مەخسۇس ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئاتاپ يېزىلغان شېئىر - قوشاق، مەسەل، ھېكايە، نەسىر قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى قامۇسى» دۇر.

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىر 1970 - يىللاردىن باشلاپ باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاز بولمىغان ئەسەر ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلانغان.

1992 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپلا بىر تەرەپتىن ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتكە ئاتلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىزچىل باللار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ چارەك ئەسىرگە يېقىن مۇھاجىر ۋە مۇساپىرلىق ھاياتىدا يازغان ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى، ئونلارچە سىياسىي ماقالىلىرى ۋە كىتابلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، ئۇيغۇر سىياسىي دەۋاسىغا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

نەشرىياتىمىز ئۇستاز ئابدۇلھېكىم ئاكىنىڭ تېنىگە سىھھەت، ئۆمرىگە بەرىكەت، بۇندىن كېيىنكى ئىلمىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ.

ISBN 978-605-69486-0-2
9 786056 948602

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com